غ. ئو. زۇلپىقار

# قەلب ئۇچقۇنلىرى

شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


ئۆزەمگە مەرسىيە................................................................5
ھەيرانمەن ......................................................................6
شائىر ئانامغا ..................................................................7
ۋاقىتسىز سارغايغان بىر تال يوپۇرماق...........................................9
تەقدىردىشىمغا...............................................................11
مەڭگۈلۈك سۆيگۈگە تەلپۈنەر قەلبىم.........................................14
دىلبەرگە........................................................................16
مەرسىيەم ......................................................................18
شۇنداق ياشا...................................................................19
ۋىسال قۇچماق — مېنىڭ خىيالىم ..........................................22
مۈشۈك ۋە ئادەم .............................................................24
ئۇزاتقاندا ھەر يېڭى يىلنى ...................................................25
شورۇق — مېنىڭ تۇققان ئانامسەن .........................................28
گۈلنىڭ پىغانى ...............................................................29
شاماللار نېمە دەيدۇ يوپۇرماققا؟.............................................30
قېرىتالماس روھىمنى تەقدىر ..................................................32
ۋاراقلاپ خاتىرەمنىڭ بەتلىرىنى...............................................33
ناخشا مۇڭى ...................................................................35
ئانا — شورۇق..................................................................39
يېڭى يىلنى قۇتلايمەن، لېكىن... ............................................41
چېلىش ناخشىسى .............................................................43
بېغىشلىما......................................................................45
ۋەتەن............................................................................46
ئىھ پامىر! ئىھ ئاق قار!......................................................47
يېڭى يىل ئاخشىمىدىكى خىياللار...........................................49
*1. يېڭى يېشىم*...............................................................*49*
*2. قار ئۇنچىلىرى*............................................................*50*

*3. يېڭى يىلدىكى يېڭى ئارزۇ*................................................*51*
*4. قاردەك ئەگەر قايتا تۇغۇلسام*..........................................*52*
*خاتىمە*.............................................................................*52*
شەرقىي كۆلگە ساياھەت ............................................................54
ئاتۇش ھەققىدە مۇسەللەس........................................................55
ئۆلگە قىلاي ئىنىم سېنى ..........................................................57
ئۇستازىمغا ...........................................................................59
چوپان قىز ...........................................................................61
باھار ..................................................................................62
بالا ئىدىم...............................................................................63
كانسۇ ھەققىدە ناخشا.................................................................65
باھار زوقى.............................................................................66
ئەل ھەققىدە..........................................................................67
ئارزۇ .................................................................................68
ۋەتەن ھەققىدە مۇسەللەس.........................................................70
سالام، كانسۇ .........................................................................72
باھار ناخشىسى .....................................................................74
ئانا ....................................................................................76
قەشقەر ھەققەدە غەزەل............................................................77
تەر ۋە مېۋە ..........................................................................79
سەپەر تەسىراتلىرى .................................................................80
خۇشپۇراق...........................................................................81
بېغىشلىما...............................................................................82
بىر نومۇسسىزغا ...................................................................84
ئۇيغۇرغا ............................................................................86
دېڭىز ماڭا ئوخشاركەن ئەجەپ .................................................87
دېڭىز ئانام باغرىدەك كەڭرى ....................................................88
چايكىلارغا قاراپ قالىمەن ...........................................................89
دۇنيا....................................................................................91

قايتا تۇغۇلسام...................................................................................... 92
ئۇ................................................................................................. 93
خىيال ئارىسىدا................................................................................... 94
ئەي ھايات.......................................................................................... 95
مەن ئۆلسەم......................................................................................... 96
قەۋرە تېشىمغا..................................................................................... 98
مېنىڭ دوزىقىم..................................................................................... 99
دۇنيا.............................................................................................. 100
1991- يىل 16ــ ئۆكتەبىر........................................................................ 100
ماۋزۇسىز........................................................................................... 101
سېغىنچ............................................................................................. 102
ھەسرەت............................................................................................ 103
كەچكۈزدە يىغا.................................................................................... 105
ماۋزۇسىز........................................................................................... 106
غايە................................................................................................ 107
مۇسىبەت............................................................................................ 108
غېرىپلىق............................................................................................ 110
سىلەر يوق......................................................................................... 112
تورونتو ئارىلىنى زىيارەت....................................................................... 115

# ئۆزەمگە مەرسىيە

بىر كۈنىسى كېلەر بېشىمغا مۇقەررەر ئۆلۈم،
ئۇ چاغ بېشىمدا بولماس ھېچكىمىم.
دۇرت ئوقۇيدىغانلارمۇ، ھازىدارلارمۇ ھەم،
قورشاپ تۇرار پەقەت تۆرت تېمىم!
ھەتتا ئىشىكىم بولغاچقا تاقاق،
قوشنىلارمۇ بىلمەس، دېمەس ساقچىغا؛
تاكى جەسىدىم سېسىپ، پۇراق چىققاندا—
بىلىشەر، ئىشىك بۇزۇپ كىرەر «ھوجرىغا»!
جىنازام ئارقىسىدىن كەتمەس ھېچكىشى،
دۇئادا تۇرۇلماس قەۋرەم بېشىدا؛
ساقچىلار كۆمىدۇ (چامغۇر كۆمگەندەك)،
ھەسرىتىم قالماس تۇپراق تېشىدا:
مەن ئۈچۈن كۆز يېشى تۆككەنلەر بولماس،
ئېچىشماس ھېچكىمنىڭ قەلبى مەن ئۈچۈن.
يادلىماس ۋە ياكى «ياخشى...»، «يامان...» دەپ،
ئۇنتۇلار ئىسمىممۇ مۈكەممەل — پۈتۈن!
غەۋغاسىز ياشىدىم، ئۆلەرمەن جىم ـ جىت،
بۈيۈك ئارزۇلىرىممۇ بولدىغۇ بىت ـ چىت!؟
پۈتمەكتە بىلىنمەي ھايات رومانىم،
كۈتۈلەر پەقەتلا ئاخىرقى «چېكىت»!

12/6/2002 كانادا، تورونتو.

# ھەيرانمەن

بىر قارىساڭ ھايات تازىمۇ بىمەنە:
يۈزى قېلىنلارغا، يالغانچىلارغا،
مۇناپىقلارغا، پەسكەشلەرگە
مۇۋاپىق نەرسە.
شۇلارلا ياشاشقا لايىقتەك خۇددى،
ماسلىشالايدۇ ھايات تەرزىگە.
مەنتىقىسىمۇ ياشاشنىڭ گويا—
شۇلارغىلا ئۇيغۇن، شۇلارغا ئاسان.
ساپ نىيەت بولغانلارغا ھەممە قىيىن،
ھەر يەردە خىجىللىق، نومۇس، ھېيىقىش....
ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرىدۇ.
توغرا يولغا ئىش ئاز، توغرا يولدا نان ئاز بولغاچ
ياخشى قەلبنى ھايات زەربىلىرى ئۇرۇپ تۇرىدۇ.

23\12\2001 ئىستانبۇل.

# شائىر ئانامغا

ئانىجان شائىرسەن، تەڭداشسىز، ئۇلۇغ،
يۈرىكىڭ كەڭلىكى ئۇپۇقسىز دۇنيا.
مېھرىڭ بىر دېڭىزكى چوڭقۇر، بىپايان،
ئاقىدۇ ئىنسانغا سۆيگۈدىن دەريا.

سەندە بىر سۆيگۈ بار، بىر ئەقىدە بار،
تەۋرەنمەس مۇنارى، ئۆزگەرمەس رېڭى.
بۇ مېھىر، ئەقىدە،... سۈپەتلەر تالىق —
بىر ساڭا، شائىرغا،
يوق باشقا تېڭى.

ئەقىدە، سۆيگۈدىن تۇغۇلار شائىر،
بۇ باپتا ئوخشايسەن شائىرغا ئانا.
يازمىدىڭ بىر بېيىت، بىر مىسرا شېئىر،
ۋە لېكىن گۇمانسىز شائىر سەن يانا.

شېئىرغا ئوخشايدۇ ئاتەش نەپىسىڭ،
مېھرىلىك كۆزۈڭدە ئىلھام لىق، پەۋەس.
ھەممىگە ياخشىلىق، تېچلىق تىلەيسەن،
بەختىڭ شۇ: مەن ئامان بولسام شۇلا، بەس.

ئايرىلسام بىر پەسكە، تىترەر يۈرىكىڭ،
مۇھەببەت قانچە زور، ھىجران شۈنچىلىك.
كۆرگىچە يېنىڭدا مېنى سالامەت،

يۇمۇلماس كۆزلىرىڭ كۈن ـ تۈن قىلچىلىك.

بىر ھەسرەت، بىر سۆيگۈ تۇغدۇ شېئىر،
ئانىجان شۇڭلاشقا دىۋانىڭ سانسىز.
بىر قۇرمۇ قالمىدى سەھىپىلەر ئارا،
لېكىن ئۇ دىللارغا سىڭدى تىۋىشسىز.

قېنىمغا سىڭگەن شۇ ئىزسىز مىسرالار،
تىلىمغا سۆز بېرىپ ئۆستۈردى مېنى.
ئايلاندى ۋە مېنىڭ ئىجادىمغا ئۇ،
ۋاستەمدىن تىزىلدى شېئىر كارۋىنى.

قانچە مىڭ توملارنى يازغان چاغدىمۇ
دوستلۇرۇم، مېنى ھېچ دېمەڭلار شائىر.
يازغىنىم تېنىمگە سىڭگەن شېئىرلار —
ئانامنىڭ ئىجادى،
مەن قىلدىم زاھىر.

1986 ـ يىل، 21 ـ ئىيۇل، ئىلقا

# ۋاقىتسىز سارغايغان بىر تال يوپۇرماق

ماي ئېيىنىڭ سەلكىنى ئېسەر لەرزان،
دەرىزە ئەينىكىنى تىرىقلىتىپ.
تال - شاخلار ئىغاڭلايدۇ سۆيۈپ پەنجىر،
يوپۇرماق - گوستاڭلارنى شىرىقلىتىپ.

خىياللار ئەسىرلىكى چىرمىغان دىل،
دەرىزە ئالدىدا جىم ئولتۇراتتىم؛
راھەتلىك سالقىن بېرەر ئوچۇق كۆزنەك،
ساپ ھاۋا بىرلە دىلنى تولدۇراتتىم.

ئالدىمغا چۈشتى بىر تال سېرىق ياپراق،
ۋاقىتسىز غازاڭ بولغان نېمىشكە ئۇ؟
ئەسلىتەر قارا تەقدىر قەددىن پۈككەن —
بىتالەي قىسمىتىنى كىشىگە ئۇ.

يوپۇرماق ئۆلگۈرمىگەن يېتىلىشكە،
ئۇ تېخى «چاشقان قۇلاق» بولغان ئاران.
بورانلار تولغاپ ئۇنىڭ قامىتىنى
قۇرۇپتۇ شۇ پېتىچە — بۇرماسىمان.

ئەجەپ ئىش، قۇرىغان ئۇ نېمە ۋەجدىن؟
بۇ تېخى ئۇنىڭ كۆكلەم مەزگىلىغۇ؟
ياز بويى ئىنسانغا زوق، سايە بېرىپ،

سارغىيىش — كەچكۈزدىكى مەنزىلىغۇ؟

سارغايتقان بەلكى ئۇنى تەتۈر قۇيۇن،
يا ئۇنى قايرىۋەتكەن سەبى ـ نادان.
زىيان سېپ ئاڭا ياكى كېسەللىكلەر،
ھاشارات شىرنىسىنى شوراپ ئالغان.

ھاياتتا ئۇچرايدۇ كۆپ بۇنداق ئەھۋال،
ئادەملەر ئىچىدىمۇ ئاشۇنداق ھال.
يېتىلمەي سارغىيىدۇ، غازاڭ بولۇپ،
ئۇچۇرۇپ كېتەر ئۇنى تەقدىر ـ شامال.

ئاشۇنداق قىسمەتلەرگە تىمسال قىلىپ،
قىستۇردۇم يوپۇرماقنى ۋاراق ئارا.
ئېچىندىم، ئۇنى تاشلاپ قويالمىدىم،
يېتەتتى بۇرۇن چەككەن دەردى ئاڭا.

ساقلىسام ۋاراقلارنىڭ ئارىسىدا
بەلكى ئۇ بىر كۈنلىرى يۇتۇپ كېتەر.
ئۇۋۇلۇپ ياكى ئۇنىڭ قۇرۇق جىسمى،
بىر ئاجىز تىنىق بىلەن ئۇچۇپ كېتەر.

يۇتكىنى ـ يۇتكەن ئۇنىڭ يېشىللىقى،
ئەمدى ئۇ قالالمايدۇ غازاڭ پېتى.
كۈنسېرى بولار ئۇنىڭ ھالى بەتتەر،
قالىدۇ پەقەت ئاشۇ دەپتەر بېتى.

1985 ـ يىل، 24 ـ ماي. ئاتۇش،

# تەقدىردىشىمغا

چېكى يوق سۆكۈتلەرنىڭ، زېرىكىشنىڭ،
پايدىسى يوق بۇنىڭغا چېچىلىشنىڭ.
مۇڭدىشىپ كىتاپ بىلەن، قەلەم بىلەن،
ھۇجۇمىن توسار ئىدىم روھىي قىشنىڭ.

شۇ يوسۇن ۋاراقلىسام كىتاپلارنى
بىر ياپراق چىقىپ قالدى شۇنچە يۇمران.
مەزگىلى يەتكەن بولسا سارغىياتتى،
ئەمما ئۇ يېشىل ئىدى، مۇڭغا تولغان.

كۆرۈنەر تالالىرى ئىسكىلىتتەك،
يېشىل رەڭ ئارىسىدا ئاقۇش بولۇپ.
چوڭ ئەمەس جۇغى، دېمەك باھاردىلا—
ئايرىلغان شاخلىرىدىن، قالغان قۇرۇپ.

بورانمۇ، قۇيۇنمۇ ئۇ ياۋايى كۈچ؟
نېمىكىن ئۇنى شاختىن ئايرىۋەتكەن؟
ئۆزنىغۇ خالىمايتى ئايرىلىشنى،
يا نادان بىرسى ئۇنى قايرىۋەتكەن.

ۋاراقلار دەزمال بولۇپ، بېسىپ ئۇنى،
تېخىمۇ شاپىلاقلاپ قىپتۇ پايمال.
يېشىللىق ساقلىنىپتۇ چىرايىدا،
شاختىكى ھالىتىگە بارمۇ ئامال؟

ئالدىراش جاھانسازلار ئاياقلىرى
چەيلىگەن بولسا ئۇنى، تۇگىشەتتى.
قالمايتى بۇ ھالدىمۇ يېشىل جەسەت،
ھەم كىملەر ئاڭا نەزمە پۈتۈشەتتى؟

شائىردەك ھىسسىياتچان بىرسى ئۇنى
قۇتقۇزۇپ قاپتۇ مانا، ئاياقلاردىن.
ۋاراقلار ئارىسىدا ياشار ئۇزاق،
ئەمدى ئۇ ئامان دېمەك، تاياقلاردىن.

كۆرەلمەس بىراق ئۇنى جىمى ئادەم،
ئۇمۇ ھەم زوق بېرەلمەس كۆپچىلىككە.
ھامان ئۇ جايى پىنھان ئۆتەر ئەمدى،
قوشۇلماي تەبىئەتكە، كۆكچىلىككە.

ئويلىسام ئۇنىڭ ھايات چاغلىرىنى،
بىر ئۇنسىز يىغا قىيناپ بوغدى شۇئان.
شاختىكى چاغلىرىدا شوخ ئىدى ئۇ،
ئوينايتى سالقىنىدا كۈي ئوقۇپ خەندان.

كۈي ـ كۈيلەش مەزگىلىمۇ تۈگىمەستىن،
ھەم كەتمەي ياشلىقتا خاس يېشىل رېڭى؛
مەڭگۈلۈك پىنھانلارغا بولۇپتۇ بەند،
ئۈمىد يوق، ئەمدى ئۇنىڭ ئاتماس تېڭى.

بىر ھازا ئېچىنىشتا قاراپ ئاڭا،
كىتاپلار ۋارىقىنى مەنمۇ ياپتىم.
بىردەملىك «شامالداش»تىن ياندى «مەھبۇس»،

بۇ ھالدىن دىلغا يەنە ئەلەم تاپتىم.

ۋاراقلار تۇرمىسىگە سولاندى ئۇ،
قانچىلىك زېرىكەركىن، بوغۇلاركىن؟
شائىرلار كۆرسە ئۇنىڭ قىسمىتىنى،
قانچىلىك غەمكىن قوشاق تۇغۇلاركىن؟

1991 ـ يىل،2 ـ ماي، بېيجىڭ.

# مەڭگۈلۈك سۆيگۈگە تەلپۈنەر قەلبىم

مەڭگۈلۈك سۆيگۈگە تەلپۈنەر قەلبىم،
ئىستىگىم ئۇ قىز، يا بۇ قىزمۇ ئەمەس.
ئىستەيمەن چېكى يوق بىر بىر مۇھەببەتنى،
مۇھەببەت ئىچىدە خوشاللىقىم، بەس.

ئىستىكىم يوقىلار مەۋھۇم ھاڭلاردا،
چېكى يوق ئالەمدە قالار قايمۇقۇپ.
ئىستىكىم يۇلتۇزدەك تۇيۇلار بەزەن،
قوغلىشىپ يۈرىمەن ئۇنى زورۇقۇپ.

بەزىدە بىر لېۋەن كۆيدۈرەر مېنى،
بەزىدە شادلىقىم كۆرۈنەر كۆكتە.
قولۇمغا كەلسىلا سېزىمەن شۇنى
قانائەت قىلمايدۇ كۆڭلۈم، غەلىتە.

باشقىسى ئىشقىمنى تارتىدۇ يەنە،
ئۇيلايمەن شادلىقىم بايلىقىمىدۇ، دەپ.
قىلىمەن بىر «سان»نى ئۆزۈمگە نىشان،
ۋە لېكىن يۈرىكىم تىپچەكلەر ھە دەپ.

نېمىگە ئېرىشسەم تۈگەر قىممىتى،
خوشاللىق تاپالماي ئاۋارە ئۆزۈم.
بىر نىشان ھەققىدە سۆز بەرسەم،
شۇ ئان—

ئورنىنى ئالىدۇ يەنە بىر سۆزۈم.

تاپمىدىم مەن تېخى خوشاللىقىمنى،
ئاچ كۆڭلۈم قانائەت مەنزىلىدىن يىراق.
ساراڭدەك خوشالمەن، بىردەملىك، لېكىن—
ئورنىنى ئالىدۇ مۇكەممەل پىراق.

ئەسلىدە قەلبىمنىڭ ئىستىگەنلىرى
تاپقىنىم ئەمەسكەن، بىلدىم مەن ئېنىق.
بۇ ئىستەك — شەيئىنىڭ سۆيگۈسى ئەمەس،
سۆيگۈنىڭ ئۆزىكەن، تەبىئىي ۋە قېنىق.

1991 ـ يىل، 21 ـ فېۋرال

# دىلبەرگە

(دىلبەر قېيۇم غەزىلىگە مۇخەممەس)

ئانا يۇرت تۇپرىقى گويا جېنىڭ جانانىسى دىلبەر،
ئۇنىڭ ئاتەشىدە كۆيگەن بولۇپ مەستانىسى دىلبەر،
كۆزۈڭنىڭ گۆھىرى چۈنكى تېشىنىڭ دانىسى دىلبەر،
ۋەتەن ئىشقىدا سەن بولغىن ۋاپا پەرۋانىسى دىلبەر،
يېرىپ بۆركۈت كەبى كۆكنى زامان مەردانىسى دىلبەر.

بىلىم ئالماق ئەجەپ ئوخشار پېتىردىن قىل سۇغارماققا،
ۋە ياكى دۇر سۈزۈپ ئوكيان تېگىدىن، قاشقا ئالماققا،
غەزەلخانسەن بىلىم ئىزدە، جاپادىن قاچما ھەرياققا،
ئېلىپ بارسا سابا ياڭراق كۈيۈڭ ـ ناخشاڭنى گۈلباغقا،
كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلسۇن سۆزۈڭ دۇردانىسى دىلبەر.

ھامان دۈشمەن دېگەن دۈشمەن، نومۇس قىلماس، ئاجايىپ پەست،
ياۋۇزلار نىيىتى ھەرئان ئىشىڭغا يەتكۈزۈش شىكەست،
موھىمدۇر شۇڭا ھۇشيارلىق، كىشىگە غەيرى يۈرمەك مەست،
ئۇرۇنسا گەر ھەسەتخورلار گۈلۈڭنى چەيلىمەككە قەست،
ئۇلارغا ئوق بولۇپ تەگسۇن كۆزۈڭ پەيكانىسى دىلبەر.

رەھىم قىلما ستەمخورغا، ئارام بەرمەي ئۇرۇپ چەيلە،
رەقىپكە كەلتۈرۈپ ماتەم، رەپىققە ئەيلىگىن سەيلە،
بۈيۈك غايە ـ نىشانىڭدا ۋەتەننىڭ بەختىنى كۆزلە،
تۆكۈپ ساپ قان بىلەن تەرنى گۈلۈڭنى پەرۋەرىش ئەيلە،
بېغىڭ بولسۇن شۇ خەلقىڭنىڭ سەير ئاستانىسى دىلبەر.

جاپالىق ئىجتىھاد ئەيلەپ، ئۆزەڭگە خاس يېڭى يول ئاچ،
نى ئارمان ئارزۇيۇڭ ـ غايەڭ يولىدا گەر ئاقارسا ساچ؟
بۇ ئاق ساچ جەڭ ئارا تۆھپەڭ ئۈچۈن كىيگەن باھاسىز تاج،
ئىجات ـ مىھنەت بىلەن خەلقىڭ بېشىدىن زەررە ياقۇت چاچ،
كۆيۈڭدىن يايرىسۇن، كۈلسۇن ۋىسال مەيخانىسى دىلبەر.

1982 ـ يىل، ئۆكتەبىر، ئاتۇش، شورۇق.

# مەرسىيەم

(مەرھۇم ئابلەتكە)

ئۆلمەكنى ئىستىمەس بارچە ھاياتلىق،
ئىختىيار ئىلكىدە بولمايدۇ ئەمما.
رەت بىلەن كەلگىلى «نۆۋەت» ئەمەسكەن،
بۇ قانداق سىرىكىن؟ قانداق مۇئەمما؟

تۇغۇلغان ئىكەنمىز ئۆلىمىز، بىراق —
شۇندىمۇ كۆڭۈللەر چېكىدۇ پىراق.
ھەممىنىڭ مەنزىلى «باقى»دۇر، لېكىن —
بەزىگە يول «يېقىن»، بەزىگە «يىراق».

ھايات ۋە ماماتنىڭ چېگرىسىغۇ بار،
ۋە لېكىن بەك يېقىن قاش ـ كىرپىك مىسال.
تۈنۈگۈن شاد ـ خۇررام ئويىنىغان بىللە —
كېتىپسەن ئەتتىگەن، بىزنى قىلىپ لال.

پانىينىڭ زۇلمىدىن سەن بولدۇڭ ئازاد،
ۋە لېكىن دوستلىرىڭ چەكتى ئاھ ـ پەرياد.
ئامال يوق، «ئۈنىڭغا جەننەت ئاتا قىل،
رەھمان» دەپ دۇئادا قىلۇرمىز، بىز، ياد.

1989 ـ يىل، 8 ـ ماي، بېيجىڭ

# شۇنداق ياشا

(ئوغلۇم ئەلخۇشتارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى خاتىرىسىگە)

كۆز ئاچتىڭ دۇنياغا بۇلتۇر شۇ كۈندە،
نارازى بولغاندەك يىغلاپ - چىقىراپ.
ئويلايمەن شۇ چاغدا بىلگەنمىدىڭكىن:
دۇنيادا بار پەقەت قايغۇ،... ئىزتىراپ.

بىلگىنىڭ راست سېنىڭ، تولغان قايغۇغا—
ئازاپ ۋە ھەسرەتكە مۇشۇ كەڭ دۇنيا.
شۇڭلاشقا ئىنسانلار يىغلاپ كېلەرمىش،
تۇغۇلماق ئىستىمەس ھېچكىشى گويا.

كى شۇنداق بولسىمۇ، كەلگەندىن كېيىن
كەتمەكنى خالىماس، بەزمەس ھاياتتىن.
كۆز ئېچىپ قارايدۇ بارلىققا تويماي —
ۋە لەززەت تاپىدۇ تۇرمۇش،... ئىجاتتىن.

چەكچىيىپ باقىسەن سەنمۇ ھەم ئوغلۇم،
قوزغايدۇ ھەر نەرسە سەندە قىزىقىش.
جان بىلەن ئاررۇمۇ تۇغۇلاركەن تەڭ،
ئەمما تىل كېچىكەر، ئەپسۇسلۇق بىر ئىش.

كۆڭۈلگە تەرجىمان دېيىشەر تىلنى،
ۋە تىلسىز بوغۇلار دىلدا ئىستەكلەر.
شۇڭلاشقا ۋىچىرلاپ كېتىسەن بەزەن،
بىلمەيمەن بار سەندە قانداق تىلەكلەر.

دۇنيادا شادلىق ئاز، قايغۇ ـ دەرد كۆپراق،
ئىنسانلار كۆپ يىغلاپ، كۈلىدۇ ئازراق.
بوۋاقلىق مەزگىلى شۇندىن بىشارەت
(بىر پۈتۈن ھاياتتىن سۈرەتتۇر شۇنداق.)

يىغلىدىڭ ھازىردىن باشلاپلا بەلكى
كەلگۈسى كاج، تەتۈر قىسمەتلىرىڭگە.
بەزىدە كۈلدۈڭسەن شۇنچىلىك خەندان
يەتكەندەك ۋە مەلۇم تىلەكلىرىڭگە.

دېمەك، بۇ ھاياتتۇر — كۈلكە ۋە يىغا،
بەزىلەر كۈلىدۇ ئۆمرىدە كۆپرەك.
لېكىن بۇ كۈلكىلەر چىن كۈلكە ئەمەس،
قىش كۈنى پارنىكتا ئېچىلغان گۈلدەك.

ھايۋانلار ئوتلايدۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن،
ئاشۇنداق ئادەملەر ھەم بار ھاياتتا.
روھى چىن كۈلكىگە مۇيەسسەر ئەمەس،
مەنەۋىي ئاچلىقنىڭ ئەسىرى ھەتتا.

بەزىلەر مىھنەتتىن پۈكىدۇ قامەت،
قەنتىنى چاقالماي كىئتىدۇ بىراق.
پەيزىنى ئەۋلادلار سۈرىدۇ ئۇنىڭ،
يادلىنار شۇڭلاشقا دىللاردا ھەرۋاق.

ئېسىڭدە بولسۇن شۇ: مۇبارەك كۈندە —
تۇغۇلۇپ يىغلىدىڭ، بىز كۈلدۇق خوشال.
ياشىساڭ چىن ئەگەر، خۇسراۋ )دېگەندەك

سەن كۈلۈپ كېتىسەن، بولار ئىبلىلنىڭ لال.

1985 ـ يىل،27 ـ ئاۋغۇست، ئاتۇش، شورۇق.

# ۋىسال قۇچماق — مېنىڭ خىيالىم

دىل مۇلكۇمدە كۆپ ئىدى سوئال،
سەبىيلىكتىن قىلغان مېنى لال.
تەپەككۇرنىڭ كېمىسى بىلەن
سىرلار بەھرىن كېزەتتى خىيال.
ۋىسال قۇچماق — مېنىڭ خىيالىم،
ئەقىل تاپماق — مېنىڭ ۋىسالىم.

بەزەن تىلسىم غارلار ئىچىدىن،
ياكى زۇلمەت تۈندىن ـ كېچىدىن؛
ئاختۇراتتىم دىل خاھىشىنى،
قايناپ ـ تاشقان ھايات پېچىدىن.
ۋىسال قۇچماق — مېنىڭ خىيالىم،
ئەقىل تاپماق — مېنىڭ ۋىسالىم.

پەرۋىشىدە ئۇستازلىرىمنىڭ،
ھەمدەمىدە ھەمرازلىرىمنىڭ؛
باستىم تىلسىم تاغلار گەجگىسىن،
كەلدى پەيتى پەرۋازلىرىمنىڭ.
ۋىسال قۇچماق — مېنىڭ خىيالىم،
ئىجات، ئەمگەك — مېنىڭ ۋىسالىم.

بولدى تۈنلەر مەن ئۈچۈن جەڭگاھ
قۇرۇپ چىراق تۈۋىگە بارگاھ؛
جەڭلەر قىلدىم، يا تۈزدۈم پىلان،
تەرك ئېتىپ ئارام، ئارامگاھ.

ۋىسال قۇچماق — مېنىڭ خىيالىم،
ئىجات، ئەمگەك — مېنىڭ ۋىسالىم.

ئۇندەپ مېنى ۋەتەن سۆيگۈسى،
ئەجداتلارنىڭ روھى، ئۆلگىسى؛
«چېلىش! چېلىش!» چاقىرار شۇنداق،
مىللىتىمنىڭ يىراق كەلگۈسى.
ۋىسال قۇچماق —مېنىڭ خىيالىم،
ئىجات، ئەمگەك —مېنىڭ ۋىسالىم.

يېڭىپ ھەربىر توسقۇننى شۇڭا
(مەيلى نېمە پۈتلاشسۇن ماڭا)؛
شانىڭ ئۈچۈن قىلىمەن چېلىش،
بارىم پىدا، ئەي ۋەتەن، ساڭا.
ۋىسال قۇچماق — مېنىڭ خىيالىم،
ئىجات! ئىجات! — مېنىڭ ۋىسالىم!

1985 ـ يىل،27 ـ دىكابىر، ئاتۇش، شورۇق.

# مۇشۈك ۋە ئادەم

پېتىشمايدۇ ئۆز ئارا مۇشۈك،
بىر ئۆي ئۈچۈن ئارتۇق ئىككىسى.
خىرىس قىلار قالسا ئۇچرىشىپ،
ئۆز كۆڭلىدە ئۆينىڭ ئىگىسى.

تائىپىسى باشقا بولسىمۇ
ئادەم بىلەن ياتىدۇ ھەتتا.
شۇ نەرسىگە قالىمەن ھەيران:
ئۆزى ھايۋان، بىزگە دوست ئەمما.

بۇ مۇلايىم جانۋار بىز ئۈچۈن
چاشقانلارنى قىرىپ بېرىدۇ.
ۋە بەزىدە ئۆزىچە ئويناپ —
موللاق ئېتىپ قىزىپ بېرىدۇ.

ياتار تۆردە، تۆشەك ئۈستىدە،
ئەڭ ياخشى جاي «تەۋە» ئۇنىڭغا.
ھەر كىم ئۇنىڭ سىلار بېشىنى،
ئۇمۇ «ئەھۋال ئېيتار» شۇنىڭغا.

خوجايىنى بولسىمۇ ئامراق،
ھېساپلىماس ئادەم دەپ ئۇنى.
ئادەم ئارتۇق، رەقىپ بولسىمۇ،
بىلەمدىكىن مۇشۈكلەر شۇنى؟

1985 ـ يىل،21 ـ دىكابىر، ئاتۇش، شورۇق.

# ئۈزاتقاندا ھەر يېڭى يىلنى

ئون ئىككى قېتىم ئايدىڭ، قاراڭغۇ بوپ،
ئۆرۈلەر ئاۋالقىدەك يىل ۋارىقى.
ئۆمۈرنىڭ كۈزى كېلەر يېقىنلىشىپ،
ھەر لەھزە بولۇپ چېھىرە كۈز ياپرىقى.

ھەر يىلى مۇشۇ پەسىل، مۇشۇ مەزگىل،
بولغاچقا باغ ـ دالىلار تۆگەل قاخشال؛
مەيۈسلۈك تۈيغۇسىدا بوغۇلۇپ قان،
چولغايدۇ ۋۇجۇدۇمنى چەكسىز خىيال...

*

ياشلىقتا تۈنجى قەدەم باسقان چېغىم،
تېپىشقان شۇ مەۋسۇمدا يارىم بىلەن.
تەبىئەت سالغان يېشىل توننى، لېكىن —
باھاردەك زوق بەرەتتى يارىم بەلەن.

سەزمەيتىم سوغۇقنىمۇ، جۇتنىمۇ ھېچ،
ئېرىتكەچ ۋۇجۇدۇمنى ھارارىتى.
بىز ئۈچۈن باھار يەنە كېلىدۇ، دەپ —
ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بەرگەچ بىشارىتى.

ھە، شۇنداق، باھار كەلدى، يازمۇ كەلدى،
ھەم تېزلا ئۆتۈپ كەتتى نەچچە باھار.
باغ بىنا ئەتمەي تېخى ئەجرىمدىن ھېچ،
كۈز كۈنى ئۈزۈپ يۈردۇم تەييار ئانار.

ئۆتكەن يىل شۇ مەۋسۇمدا ئاخىرقى رەت
مۇھەببەت گۈلشىنىنى كەزگەن ئىدىم؛
سوغ ئىدى پەسىل، بىراق يار قوينىدا
نەۋ باھار ئىللىقىنى سەزگەن ئىدىم.

سۆزلەشكەن ئىدۇق ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنى،
غايىنىڭ دالىسىدا كېزىپ ئۇزاق...
ئۆمۈرنىڭ شېرىن پەيتى، گۈزەل چېغى،
ئارمانلار دۇنياسىدا ئۆتتى شۇنداق.

خاتىمە ئەمەس ھەرگىز ياشلىقتا بۇ،
ئەمەس ھېچ دىلدا يالقۇن ئۆچكەنلىكى؛
ھارارەت چېچىپ تۇرغان يۈرەك سوۋۇپ،
غايىنىڭ بۈيۈك تېغى كۆچكەنلىكى!

خاتىمە بېرىلگىنى شاش قۇلاندەك
قىيغىتىپ دالا كېزىپ يۈرمەكلا، بەس.
يۈرىكىم مۇھەببەتكە تولۇق يەنە،
بۇنىڭدىن ئايرىلمىقىم مۇمكىن ئەمەس.

ئۆمۈرلەر قىسقا، لېكىن سۆيگۈ باقى،
ياشايدۇ قوياش بىلەن، يەر بىلەن تەڭ.
دۇنيا ۋە ھايات مەۋجۇت، ياشار بىللە —
ئادەمگە سۆيگۈ، بولۇپ ئېزىز ئەڭ ـ ئەڭ.
*
ئوتتۇز ياش ھارپىسىدا تۇرۇپ شۇ دەم،
ئېچىنىش تۇيغۇسىدا سۇردۇم خىيال.
ياشلىقتا تويماس ئىنسان، سۆيەر ھەر كىم،

ھەر قەلب ھەر مەخسەتتە ئىستەپ ۋىسال.

ئۈزتىپ قالىمەن ھەر بىر يىل ئۆرۈلسە،
سەپەرگە ئۈزاتقاندەك نىگارىمنى.
قېيماسمەن ئۈنىڭ ئوڭاي كېتىشىگە،
قېرىلىق سۇرەر چۈنكى باھارىمنى.

تولدۇرۇپ كەتكەن ھەر يىل داسقىنىنى —
ئىجاتىنىڭ نىمىتىدە، ئۈزاتسام گەر؛
قالمايتى ھېچ ئارمىنىم دىلدا شۇ چاغ،
ئارقامدا قالسا ئىزىم بولۇپ ئەختەر.

1985 - يىل، 5 - دىكابىر، ئاتۇش، شورۇق.

# شورۇق — مېنىڭ تۇققان ئانامسەن

ماختىمايمەن «جەننەت» دەپ سېنى،
ھەر تىلدا مىڭ ئۆپرىغان سۆز بۇ.
مۇھەببەتنى قىلىشتا ئىزھار،
سېھرىي كۈچى خورىغان سۆز بۇ.

لېكىن سېنىڭ مېھرىڭ ئۆپرىماس،
قەلبىمدىكى مۇھەببەتمۇ ھەم.
ئۆتكەنسېرى ئايلار ۋە يىللار،
بىلىنىدۇ سۆيگۈڭ مۇھتىرەم.

ساڭا بولغان ئىشقىم، ھىس - تۇيغۇم،
باغلىق ئەمەس سەندىكى شەرتكە.
شورۇق، مېنىڭ تۇققان ئانامسەن،
سەنلا نائىل شۇنداق شەرەپكە.

ھەركىم سۆيەر ئۆز ئانىسىنى،
مەيلى گۈزەل، مەيلى بولسۇن سەت.
مەيلى باغ بول، مەيلى باياۋان،
شورۇق، سېنى سۆيىمەن ئەبەت.

1985 - يىل، 6 - نۆيابىر، ئاتۇش، شورۇق.

# گۈلنىڭ پىغانى

گۈلزارلار ئارا گۈلنى سەيلى قىلىپ،
سۆيىنىپ كۈلەر قەلبىم شۇنچە خەندان.
خۇش ھىدلار ئېلىپ كېلەر دىماغىمغا،
تاڭ چېغى تاڭ ساباسى ئېسىپ لەرزان.

گۈل پەسلى — چېچەك پەسلى ھەرئان مېنى
تارتىدۇ گۈلزارغا، گۈل گۈزەللىكى.
گۈل ئۈچۈن دىلدا تۈمەن سۆزلىرىم بار،
مەن ئامراق، گۈلمۇ ئامراق ماڭا بەلكى.

ناخشا ۋە نەزمەم بىلەن ئامراقلىقىم
ھەر تاڭدا گۈل - چېچەككە بولغۇر ئايان.
لېكىن گۈل شىۋىرلايدۇ، ئىڭاڭلايدۇ،
دىل سۆزىن تۆكەلمەستىن چېكەر پىغان.

سۈرتىمەن گۈل بەرگىنى يۈزلىرىمگە،
سورايمەن: نېمە سۆزۈڭ بار، دەپ، ماڭا.
تەبىئەت پەرىسى ئۇ، لېكىن تىلسىز،
نە ناخشا، قىلالمايدۇ بىر گەپ ماڭا.

گۈزەللىك شاھىنىڭمۇ دەردى تولا،
سۆزلەلمەس ئارمىنىنى كۈلۈپ خەندان.
قولىدىن كەلگىنى شۇ: ئىڭاڭلايدۇ،
شىۋىرلاپ سادا بېرەر پەقەت لەرزان.

1985 - يىل،28 - ئىيۇل، ئاتۇش، شورۇق.

# شامالـلار نـېمه دەيدۇ يوپۇرماقـقا؟

ئورمانلار غوۋۇلدايدۇ، ئىغاڭلاپ شاخ،
شوخ كۈيگە ئۇسسۇل ئويناپ كۆلگەن كەبى.
ئارىلاپ ياپراقلارنى، كېلىپ باغقا—
شامالـلار، شۇنچە ئەركىن، شۇنچە تەبىئى.
*شامالـلار نـېمە دەيدۇ يوپۇرماقـقا؟*

يوپۇرماق بىلەن شامال شىۋىرلىشى
شۇنچىلىك قىزىق، شۇنچە ئوماق، سىرلىق.
ئاشقلار باغچىلاردا — سايىلاردا
پىچىرلاپ سۆزلەشكەندەك يېقىن، ئىللىق.
*شامالـلار نـېمە دەيدۇ يوپۇرماقـقا؟*

بەلكى ئۇ ئاشىقىدۇر يوپۇرماقنىڭ،
ئىلگىرى جۇدا بولۇپ كەتكەن ئۇزاق.
ئالدىراپ ۋە ھولۇقۇپ كېلىپ شۇڭا
تىلىدىن ئاقامدىكىن مېھرى - بۇلاق؟
*شامالـلار نـېمە دەيدۇ يوپۇرماقـقا؟*

راستىنلا جۇدالىقتىن توىغان بولسا،
تۇرمايدۇ ئورماندىلا نېمىشكە ئۇ؟
ھاياجان ئىچرە يېقىپ لېۋىن ئاڭا
ئالدىرار يەنە ئۇزاپ كېتىشكە ئۇ؟
*شامالـلار نـېمە دەيدۇ يوپۇرماقـقا؟*

«كۆپ نەرسە سانالمايدۇ ئەتىۋارلىق،

جۇدالىق بولغاچقىلا ۋىسال تاتلىق.
ھىجراندىن بولسا دىلىم پارە ـ يارا،
ۋەسلىگىدىن سېزەر دىلىم شۇنچە شادلىق»
مۇشۇنداق دەمدىغاندۇ يوپۇرماقا؟

1985 ـ يىل، 18 ـ ئىيۇن، ئاتۇش، شورۇق.

# قىرتالماس روھىمنى تەقدىر

ۋاقىت غالىپ، يېڭەر ھەممىنى،
ئىنسان قېرار، قېرىيدۇ ئورمان.
تاغمۇ قېرىپ ئۆتسە مىلىيون يىل
بولۇر دېڭىز بەلكى بىپايان.

لېكىن مېنىڭ روھىم قېرىماس،
كەيسەممۇ گەر باشقا كۈمۈش تاج.
ياكى ئۆلۈپ ئايلىنىپ خاكقا،
قالمىغاندا ھەممە ئېھتىياج.

قىرتالماس روھىمنى تەقدىر،
كۆڭلۈم قالار بالا پېتىچە.
ئۇ قارايدۇ دۇنياغا تويماي،
سۆيگۈ ئۇنى ئۆرتىگەچ شۇنچە.

تەقدىر ماڭا كەلتۈرسە توپان
ئوشۇقۇمغا كەلمەيدۇ زىنھار.
سولماس ھەرگىز كۆڭلۈم باھارى،
بۇلبۇل چىللار بولۇپ ئىنتىزار.

ئۆتەر يىللار، قېرىماس كۆڭۈل،
ھەمرا ماڭا يېڭى ۋە ياشلىق.
يېڭىلىق ۋە ياشلىق — ئامرىقىم،
ئەجەپ ئەمەس قىلسام بەڭۋاشلىق.

1985 ـ يىل، 31 ـ ماي، ئاتۇش، شورۇق.

# ۋاراقلاپ خاتىرەمنىڭ بەتلىرىنى

ۋاراقلاپ خاتىرەمنىڭ بەتلىرىنى،
ئىزنى كۆردۈم ئۆتكەن ھاياتىمنىڭ.
گاھىسى بەردى ماڭا يېڭى ئىلھام،
گاھىسى بېشى بولدى خىيالىمنىڭ.

قايتتىم ئاشۇ ھايات، ئاشۇ دەمگە،
پۇشمانلىق ئىشلىرىمنى تۈزەپ باقتىم.
يوقالغان «دۇنيا»لىرىم ئاز ئەمەسكەن،
نادامەت يەلكىنىگە چۈشۈپ ئاقتىم.

ئىھ، مېنىڭ يېنىپ تۇرغان ئوتلۇق كۆڭلۈم،
پاتقۇزغان پۇشايمانغا بەڭۋاش كۆڭلۈم.
گاھىدا ئۇلۇغلۇقا دەۋەت قىلىپ،
گاھىدا قىلغان ياتقا يولداش، كۆڭلۈم.

خوشلاشماس قاچانغىچە بۇ كۆڭۈلنىڭ
نەۋقىران يىگىت كەبى بەڭۋاشلىقى؟
ئۆزگەرمەس تارلىرىدا يېشىل ئاھاڭ،
ۋە ياكى نەۋ باھارغا رەڭداشلىقى.

تەس بولدى ئەجەپ مېنىڭ چوڭ بولمىقىم،
ھازىرمۇ بالىلارچە ئىشلىرىم بار.
گاھىدا بوۋايلاردەك خامۇش، لېكىن —
گاھىدا ئويۇنچۇقا بولۇپ دوست ـ يار.

ھۆكۈمران ۋۇجۇدۇمغا يىگىتلىكىم،
بىر ئۆمۈر يىگىت پېتىم تۇرسام ئىدى.
قىرلىق لەشكىرىگە چۈشمەي ئەسىر،
ياشلىقىم شاشلىقىدا قالسام ئىدى؛

ۋە لېكىن تۈگەپ كەتسە بەڭۋاشلىقىم،
ياش بولسام، ۋۇجۇدۇمدا بولسا ئاتەش.
قوغلاشماي بەڭۋاش كۆڭۈل خاھىشىنى
قىلمىشىم بولسا پەقەت بىلىم ئىزدەش.

ياشلىقتا ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچ،
يېڭىشكە مۈشكۈللەرنى بېرەر ئىمكان.
بىر ھەسسە تېزلىشەتتى تەرققىيات،
قىرىماي ياشار بولسا ئەگەر ئىنسان.

ۋاراقلاپ خاتىرەمنىڭ بەتلىرىنى،
خىيالىم كەتتى ئۇچۇپ يىراقلارغا.
كەلگۈسى ھەم ئۆتكەننى قىلىپ خىيال،
گاھ پاتتىم ئاللىقانداق پىراقلارغا.

نېمىدۇر تاتلاپ ئۆتتى يۈرىكىمنى،
ئەپسۇسلۇق چىشلەتتى ھەم لەۋلىرىمنى.
تىترەتتى ۋۇجۇدۇمنى ئاچچىق پۇشمان،
كۆرگەندە مەنىسى يوق ئىزلىرىمنى.
1985 ـ يىل، 12 ـ فېۋرال، ئاتۇش، شورۇق.

# ناخشا مۇڭى

ئولتۇرۇپ، ۋە ياكى يېتىپ ئۇيقۇسىز،
ئاڭلىسام دولقۇنلۇق، مۇڭلۇق ناخشىلار؛
ھىسلىرىم ئۇچىدۇ ناخشا بىلەن تەڭ،
ياراتقان ناخشىنى قايسى ياخشىلا؟

خىياللار ئەينىكى كۆرستەر ماڭا
ئۇپۇقتا لەۋ ياقىقان بىپايان دېڭىز.
ۋە گاھى چېكى يوق داللار، چۆللەر،
بارخانلار باغرىدا قالغان تۇتۇق ئىز.

ئۇرۇلار بۇ دېڭىز قىرغاقىقا شىددەت،
خىيالنىڭ ساھىلىن يالايدۇ ئۇپىقۇن.
داللار قوينىدا كۆرىنەر بەزەن
چىن تۆمۈر ياقىقان شۇ گۈلخاندىن ئۇچقۇن.

ناخشىنىڭ مۇڭىغا ئەگىشىپ يەنە
ئۆرلەيدۇ خىيالىم ئەرشكە ـ ئىگىز.
مەن غايەت باھادىر كىشىدەك گويا
يۈرىمەن سامادا شۇنداق دەخلىسىز.

يۇلتۇزدىن ـ يۇلتۇزغا ئاتلاپ يۈرىمەن،
يەرشارى كۆرىنەر چەكسىز بوشلۇقتا.
يۇلتۇزلار شۇنچىلىك كىچىك ھەم تولا،
دەممۇ ـ دەم كېزىمەن ھەممىنى شۇندا.

بوشلۇقتا ياتىمەن بىمالال لەيلەپ،
ناخشىنىڭ ئەللىيى ئۇخلىتار مېنى.
بۇ مۇڭدىن خىيالغا پاتقاندا گاھى،
دولقۇنلۇق ئەۋجىسى ئويغىتار مېنى.

كېزىمەن بەزىدە باقى ئالەمنى،
جەننەتنى، دوزاقنى، ھەممە ـ ھەممىنى.
خىيالغا كەلمىسۇن نېمىلەر شۇ چاغ،
ئەللەيلەر پەپىلەپ ئۆتكەندە سېنى.

خىيالىم گاھىدا كېزەر قەدىمنى،
مۇز دەۋرى، ئوت دەۋرى — جىمجىت دۇنيانى.
قەدىمىي ئورمانلار، ھايۋانلار توپى،
ھەم تەبىئى باغلاردا بۇلبۇلگويانى.

ئىنسانلار ئۆستۈردى ئۆزىنى ئۆزى —
بۈيۈتتى ئۇلارنى رىئاللىق، ئەمگەك.
غارلاردا ياشىدى، ئورمانلاردا ھەم،
جاپالىق مېھنەتتى تۇغدى كېلىچەك.

سېپىللار، ئىھراملار پۈتتى تېنىدىن،
چاقماقلار ئوت بەردى، رىئاللىق ئەقىل.
قوراللار ياسىدى مىستىن، تۆمۈردىن،
تەبىئەت ئالدىدا تۇرمىدى غاپىل.

ئەسىرلەر ئەسىرگە ئۆتتى ئۇلىشىپ،
ئەجداتلار ئەۋلادقا قالدۇردى ئۇدۇم.
بىر ئەۋلاد بىرسىدىن بولدى ئەقىللىق،
قىلالماس ئۇلارنى تىلسىم بۇرۇختۇم...

ئېپ كېتەر خىيالىم كاراپلىرىنى
گاھىدا ئىقبالغا ناخشا دېڭىزى.
ئېپ كېتەر كەلگۈسى — يىراق دۇنياغا
باش ئەككەن ئىنسانغا كۆكنىڭ يۇلتۇزى.

شۇ پارلاق دەۋرنىڭ سۈرەتلىرىمۇ،
بىر - بىرلەپ جانلىنا ئالدىمدا شۇ ئان.
يەر ئاستى شەھەرلەر، ئاسما تۆمۈر يول،
قەۋەتلىك تاشيوللار،... قالمايدۇ پىنھان.

ئۇيلايمەن بىر قۇدرەت بەرسە دەپ خۇدا،
ئۆزگەرتسەم ئۇيغۇرنى گىگانت قىلىپ.
ھەممىدىن ئەقىللىق، كۈچلۈك بولسا ئۇ،
تەبىئەت ئۇنىڭغا تۇرسا ئېگىلىپ.

بولسا ئۇ دۇنياغا، ئالەمگە سۇلتان،
دولقۇنلار تاراتسا ماھمۇدنىڭ تىلى.
شۇندىلا ئىشىمدىن سوراپ ئىستىپا
قايتسام بولۇشقا ئۇلارنىڭ قۇلى.

بىر مىنۇت ئىچىدە كېزەر خىيالدىن
شۇنچىلىك كۆپ ئىشلار، شۇنچە كەڭ ئالەم.
تەسەۋۋۇر ئالەمدىن چەكسىزدۇر چەندان،
پاتقۇزار كۆڭۈلگە ئالەمنى ئادەم.

ناخشىلار قىلىدۇ ئاشۇنداق مەستخۇش،
مۇڭغا ئادەمنى قىلىدۇ شېئىرىك.
قوشۇلۇپ ناخشىنىڭ دولقۇنلىرىغا

ساماالار كېزىمەن، يايراپ شۆنچىلىك.
1985 - يىل، 13 - ئاپرىل، ئاتۇش، شورۇق.

# ئانا — شورۇق

مېھرىۋان ئانىدەك ساددا ۋە مۇڭلۇق،
شورۇقنىڭ يوللىرى، شورلۇق، دالاسى.
يېنىكلىك بېرىدۇ كۆڭۈللەرگە ئۇ،
شۇنچىلىك قەدىردان ھەرتال گىياسى.

بۇ ئەلۋەك يۇرت تۇغدى، ئۆستۈردى مېنى،
توپىلىق يوللاردا چىقتى ئايىقىم.
سازلىقتا مال بېقىپ، تەرگەنمەن تېزەك،
جاڭگالنىڭ يولىدا سۇنغان تايىقىم.

ئاھۇ كۆز بۇلاقلار قىلىپ مەھلىيا،
ئوينىغان بويىدا بۇلدۇقلار ياساپ.
تاشلىغان بۇلاققا قەغەز قېيىقنى
ئۆزەمنى گويا شۇ قېيىقتا ساناپ.

قومۇشلار پۆپۈگى ئاچقان كۆڭلۈمنى،
لەگلىگىم بالدىقى بولغان يئكەنلەر.
يالاڭياق كېزەتتىم شورلۇق، سازلىقنى،
پۇتۇمدا قالغانتى نۇرغۇن تىكەنلەر.

ئەي شورۇق، زىممەمدە ئەجرىڭ بار تولا،
ئۈمىت ۋە ئىشەنچتە باقتىڭ پەپىلەپ.
باغرىغا تاشلىنىپ ئەمدىم سۈتۈڭنى —
سول ئېرىق سۈيىنى، سۆيۈپ، ئەكىلەپ.

تومۇردا قان بولۇپ ئاققان سۇلىرىڭ،
ئۇندەيدۇ كۆرەشكە، ئۇندەر ئىجاتقا.
مېھرىۋان كۆزىدە ئۇزىتار مېنى —
ئانىلار سەپەرگە، بۈيۈك ئىقبالغا.

ئىشەنچىڭ يۈكىنى كۆتىرىپ مەغرۇر،
بارىمەن پەللىلەرسىرى تاغ ئېشىپ.
چىققاندا تۇسالغۇ، ئۆتكەلنى بىسىپ،
مەدھىيە ئوقۇيمەن شاتلىقىم تېشىپ.

چۈنكى قول، قاناتنى قىلدىڭسەن ئاتا،
ئىرادەم سۈيۈڭدىن كىرگەن ئادىتىم.
شۇڭلاشقا شەرىپىم ساڭىمۇ تالىق،
سەن بىلەن بىر ئىرۇر بەخت ـ ئامىتىم.

1985 ـ يىل،30 ـ يانۋار، ئاتۇش، شورۇق.

# يېڭى يىلنى قۇتلايمەن، لېكىن...

قۇتلۇقلايمەن ھەر يېڭى يىلنى،
يىل قويىندا ئىجات، كەشپىيات.
يىل ئېتىپ كېلەر تەرەققىياتلار،
گۈزەل چۈشتەك شېرىن، ئۇز ھايات.

قۇتلۇقلايمەن ھەر يېڭى يىلنى،
يىللارسېرى كۆپىيەر ئەقلىم.
يىللار ئىچرە بولىدۇ بەرپا —
مۆجىزىدىن يېڭى بىر ئىقلىم.

يىل كارۋىنى بىلەن بارىمەن،
مەنزىلىمگە مەنمۇ يېقىنلاپ.
ۋىسال ماڭا قۇچاق ئاچىدۇ،
بېقىپ ئاڭا كۈلىمەن يايراپ.

يىل قېرىماس، كېلىشۈرىدۇ،
يىللارسېرى قېرىيدۇ ئىنسان.
مۇشۇ يوسۇن قىلىدۇ داۋام،
گۈزەللىشىپ بارىدۇ جاھان.

يىللار مېنى قېرىتمىسا گەر،
ئوتلۇق ياشلىق بىلەن ياشىسام.
تاشقا موھۇر باسقاندەك قىلىپ —
يىل كۆكسىگە زۇننار تاقىسام.

يېڭى يىلنى قۇتلايمەن، لېكىن —
كۆيلەيمەن يېڭى يېشىمنى.
يىل كارۋىنى باسسا بىر مەنزىل،
كۆمۈش تالا قۇچار بېشىمنى.

قېرىلىقتىن تاپىمايمەن شادلىق،
ساقال ئېقى — ئۆلۈم ئەلچىسى.
ھەممە نەرسە ھاسىل ياشلىقتىن،
ئىجات، كۆرەش، ۋىسال ... بارچىسى.

قۇتلۇقلايمەن ھەر يېڭى يىلنى،
كۆيلىمەيمەن يېڭى يېشىمنى.
قېرىلىقنى كۆيلەش نى ھاجەت؟
ئۇندىن كۆرە قىلاي ئىشىمنى.

1985 - يىل، 15 - يانۋار، ئاتۇش، شورۇق.

# چېلىش ناخشىسى

ئادىتىم شۈكى مېنىڭ تىنماستىن ئالغا ئىنتىلىش،
يات ماڭا قىلماق قانائەت، يولدا ھەم ھاردۇق ئېلىش،
جەڭسىبېرى قۇچسام زەپەر، چىللار يەنە جەڭ ۋە چېلىش،
ئالدىدا ماڭماق شەرەپكى، نى نومۇس ئارتتا قېلىش،
ئارزۇيۇم كۆك قەرىدە چاقماق كەبى بولۇت يېرىش.

غورۇرۇم، پەخرىم مېنىڭ ماھمۇد بوۋامنىڭ پۇشتىمەن،
جەڭدە باتۇر، ئەقلى ساپ، ھۇشيار خەلق ئەۋلادىمەن.
خىيالىم ئۇچسا ھامان سادىر بىلەن بىر جەڭدىمەن،
شۇڭا جەڭگاھلار ئارا تىنماي ئۇرارمەن خەندىمەن،
خۇددى شۇڭقارمەن، بوران بىرلە چېلىششام يوق تېلىش.

غايىنىڭ ئىشقى يانار قەلبىمدە گۈلخاندەك مېنىڭ،
تۈندە بىدارمەن، كۆزۈم تاڭدىكى چولپاندەك مېنىڭ،
تارتىدۇ مەيلىمنى ئىرپان خۇددى جاناندەك مېنىڭ،
ئۇ كى نۇر، پەيۋەندە دىل بەجايى پەرۋاندەك مېنىڭ،
دەر ئىرادەم: ئەگمە بوي، مۇشكۈل بىلەن ھەردەم قېرىش.

پەن ئەگەر بولسا باياۋان مەن ئۇنى باغچام بىلەي،
قوينى بىر ئاتەش دېڭىز بولسىمۇ گەر شۇڭغۇپ كىرەي،
قانچىلىك تارتسام جاپا خەلقىم ئۈچۈن ئۈنچە تىرەي،
ئىپتىخارىم: مەيلى شۇ جانان ۋىسالىن دەپ ئۆلەي،
ئاستىدا شوتا بولاي كەلتۈرسە ئەلگە يۈكسىلىش.

مىسلى ئاتەش چوغ بولۇپ يانماقتىدۇر قەلبىم شۇ تاپ،

مەنزىلىم چىللار مېنى ياڭراپ تىلىدىن بىر خىتاپ:
گەر داۋان، مۈشكۈلسىرى بولساڭ جۇنۇن ياكى بىتاپ،
قىل مۇراجەت ئىلمى ھىكمەتكە، بىلىپ دوستۇڭ كىتاپ،
ئىستىكىڭ بولسۇن ئىلىمگە كۆن كەبى نۇرلار چېچىش.

مېنى ئەل تۇققان ئىدى، كۆپ پەپىلەپ باققانتى ھەم،
شۇڭا دەيمەن ۋەتىنىمنىڭ ھەرنەسى دۇر، مۇھتىرەم،
ئەل يۆلەكلا بولسا ئەرگە تاشلىغاي غالىپ قەدەم،
شەنىگە داستان يازاي مەن، ئەلدىن ئۆرگەلسۇن قەلەم،
جان بەخش ئەتكەن ئانامچۇن نىمە ئۇ جاندىن كىئچىش؟

گۈلخۇمار بولسا كىمىكى زارلىمايدۇ خارىدىن،
ھۆرنى قۇتقازغان يىگىت قورقماس دىئۋلەر غارىدىن،
زۇلپىقار ئىشتەر ھامان شىرىن جانان سادايىدىن:
«نى جاپا مۈشكۈل يولۇقسا كەچمىگىنسەن غايىدىن،
ئارمىنىڭ بولسا ئەگەر ۋىسال شارابىنى ئىچىش!»
1983 - يىل، يانۋار، 1984 - يىل يانۋار،ئاتۇش، شورۇق.

# بېغىشلىما

(بالىلار ھىكايىلىرى توپلىمىم ئۈچۈن)

ئانا ئاتۇش، قىيغاتقىلى گۈزەل بېغىمسەن،
يۇرتۇم شورۇق ماڭا گويا ئانا قۇچىقى.
سولئېرىقنىڭ سۈيى ماڭا سۈت بولغان ئىدى،
ئانا شورۇق مەكتىپىم ھەم بىلىم ئوچىقى.

ئاشۇ ئوچاق تاۋلاپ مېنى قىلدى يارامىلىق،
ئالغا باستىم داۋانلاردىن ئاتلاپ داۋاملىق.
ئاشۇ باقغا تىكىلگەن بىر يۇمران كۆچەتتىم،
ئۇستازلىرىم پەرۋىش قىلغان، تىلەپ ئامانلىق.

ئانا سۈتىن ئاقلىماقلىق ۋىجدان ئىشىدۇر،
چۈنكى ھەركىم ئانىسىغا قەرزدار ئىرۇر.
تۇتتۇم ئانا مەكتىپىمگە چۈچۈك مېۋەمنى،
بولغاچ كۈچلۈك يۈرىكىمدە سەن ياققان غۇرۇر.

1984 - يىل،10 - دىكابىر، ئاتۇش، شورۇق.

# ۋەتەن

(مۇساۋىيات تەرەپەيىن)

ئانا دەيمەن ئانا يەرنى مۇھەببەتتە سۆيۈپ دىلدىن،
ئانا يەرنى قۇچاقلايمەن نىگارىم دەپ كۆيۈپ دىلدىن.
مۇھەببەتتە نىگارىم دەپ قىلاي تەقدىم يېزىپ نەزمە،
سۆيۈپ دىلدىن كۆيۈپ دىلدىن يېزىپ نەزمە تىزىپ دىلدىن.

ۋەتەن، سۆيگەن نىگارىم سەن، ساڭا مەنسۇپ مېنىڭ بارىم،
نىگارىم سەن ساڭا سادىق بولۇپ ئۆتمەك نومۇس ـ ئارىم.
ساڭا مەنسۇپ بولۇپ ئۆتمەك مېنىڭ بەختىم، گويا تەختىم،
مېنىڭ بارىم نومۇس ـ ئارىم گويا تەختىم، ئۆزەڭ يارىم.

1984 ـ يىل، نۇيابىر، ئاتۇش، شورۇق.

# ئەھ پامىر! ئەھ ئاق قار!

(ئوغلۇم پامىرجانغا)

نېمىشكە ئامراقمەن، ئاق قار، مەن ساڭا؟
ئېسىمگە سالامسەن ئاقباش ئانامنى؟
ھەر يىلى يېڭى ھىس ئېلىپ كېلىسەن،
شائىرغا بەرگىلى يېڭى ئىلھامنى.

بەردىمۇ ھىسسىيات ساڭا كەڭ دېڭىز؟
بۇلۇتلار ئېقىدىن ئالدىڭمۇ رەڭنى؟
سەن ئاپپاق كۆڭۈلنىڭ مىسالىمۇ يە؟
تۇپراقنى سۆيەمسەن يېقىپ سىنەڭنى؟

ئۇۋالغان بۇلۇتمۇ گۇلدۇرمامىدىن؟
شىئېتلەر روھىمۇ ئەرشكە ئۇچقان؟
يا سېنىڭ سۆيگىنىڭ ئىگىز تاغلارمۇ،
ئىدىڭمۇ شۇڭلاشقا چوققىنى قۇچقان؟

سۆيۈپسەن قۇچاقلاپ پامىرنى ئەنە،
بېرىپسەن پاكلىقنىڭ تىمسالى ئاق رەڭ.
پەسىللەر رەسسامى سىزار ئۇز سۈرەت،
تاڭلا سەن پار بولۇپ ساماغا كەتسەڭ.

ئەھ ئاق قار، دىللارغا ھوزۇر بېرىسەن،
يۇرتلارغا مول ھوسۇل قىلىسەن بەخش.
ئەھ پامىر، ئانجان، ئاپپاق قار ساڭا —
چىرايلىق رېڭىدىن بېرىپتۇ نەقىش.

ئەي پامىر، ئاق قاردەك چۈشسەم سامادىن،
باغاشلاپ ئالسامەن پۈتۈن بەستىڭنى.
ئىھ، ئەگەر ئاق قارغا ئايلانسام بىر رەت،
سۇ بېرىپ ئاقلىسام مۇھەببىتىڭنى.

ھەرقېتىم ياقىاندا ماموۇق كەبى قار،
قارايمەن تەلمۈرۈپ پامىر تەرەپكە.
قار ئاڭا قوشىدۇ يەنىمۇ ھۆسۈن،
ئوخشايدۇ ئۇ خۇددى گۈزەل سۈرەتكە.

ئەي پامىر، قەلبىمدە مىنىڭ دىل سۆيگۈسى:
ئاتىغا مۇھەببەت، سەبى گۆدەكنىڭ.
ۋە ياكى بالىغا مىھرى گۈلخاندەك —
ئاتىلىق سۆيگۈسى، تەشنا يۈرەكنىڭ.

قارىغىن، ئەي ئوغۇل، ئاقباش چوققىغا،
شۇ ئەزىم تاغ ئىسمى قويۇلغان ساڭا.
سەن ئۈچۈن ئاتىلىق مىھرىم بولسا زور،
مىنىڭ ھەسسە بالىلىق سۆيگۈم بار ئاڭا.

1984 - يىل، 21 - يانۋار، ئاتۇش، شورۇق.

# يېڭى يىل ئاخشىمىدىكى خىياللار

(چاتما)

## 1. يېڭى يېشىم

يېڭى يىل ئاخشىمى،
    ياغاتتى ئاق قار،
ئەسلىتىپ كىشىگە كۈمۈش چاچقۇنى.
ئۆتىدۇ ئالدىمدىن، باقسام يىراقتا
بۇ قىسقا ئۆمرۈمنىڭ بوران چاپقۇنى.

ئاق لىچەك ئارتتى ئەزىم چوققىلار،
ئورىغان دالانى ئاپپاق داستىخان.
ئادەملەر كۆرۈنمەس، تىمتاس ھەممە ياق،
ئۇۋۇچىمۇ جىرادا ياقمايدۇ گۈلخان.

ھەممەيلەن يېڭى يىل كەلدى دەر خوشال،
بەزمىگە تەييارلىق قىلار ئالدىراش.
مۇڭ باستى ۋە لېكىن مېنىڭ قەلبىمنى،
قەغەز ھەم قەلەمنى قىلدىمەن سىرداش.

ئۆتكەن يىل شۇ كەمدە ياش ئىدىم بىر ياش،
غايىنىڭ ئىشقىدا ياناتتى يۈرەك.
سىزەتتىم ئۆزەمنى شىردەك مىسالى،
بولسامۇ گەر تېخى سەبى ھەم گۆدەك.

ھە، مانا يېشىمغا قوشۇلدى بىر ياش،
ئۈنچىدەك چۈشكەن قار بولغاندەك دۆۋە.
كىئچىدۇ كۆڭلۈمگە شۇنداق بىر سوئال:
بەردىڭسەن بىر يىلدا ۋەتەنگە نېمە؟

يېشىمغا قوشۇلغاچ بىر ياش، شۇڭلاشقا
يەتتىممەن بۇرچۇمنى تېخىمۇ تونۇپ.
بىلدىممەن يۈكۈمنىڭ ئېغىرلىقىنى
كۆڭلۈمدە بىر گۈلخان ياندى ئۇلغىيىپ.

# 2. قار ئۈنچىلىرى

ئاسماننىڭ سىيادەك گۈمبىزى ئۆزرە
كۆرۈنمەس يۇلتۇزلار، قاپلىغان مانان.
يېڭى يىل ئاق ئالتۇن قىلماقتا سوغا
چېچەكتەك ئۈرۈكنىڭ تۆكۈلەر لەرزان.

سالدى ئۇ ئېسىمگە باللىقىمنى،
«چېچەكلەر» خىيالىم ئېپ كەتتى ئۇزاق.
خىيالدىن ۋۇجۇدۇم كەلدى لەرزىگە
يادلاندى دىلىمدا بىر سەبى قوشاق.

ھەر يىلى يېڭى قار ئۇچقۇندىغاندا
قار دەسسەپ ئويناپتۇق بۇدرۇق ئوغۇل ـ قىز.
ياسايتۇق قار بوۋاي، گاھى قىپ ۋاڭ ـ چۇڭ،
دورايتۇق چىقىرىپ تىراكتوردەك ئىز.

كىم بالا ۋاقتىدا ئوينىمايتى قار؟
كىم ياساپ باقمىغان شۇ چاغ «قار بوۋاي»؟
تۈنۈگۈن «قار بوۋاي» ياسىغان بالا،
ھە، بۈگۈن بوۋايغا ئايلىنار ھاي - ھاي.

بۇ دېمەك، ھاياتنىڭ قانۇن - نىزامى
يىلنىڭ تۆرت پەسلىدەك بولىدۇ ئۆمۈر.
ياشلىقى — نەۋ باھار، ئورتا ياش — يازى،
كۈزى — چال، قىش دېمەك، ئۆتىدۇ ئۆمۈر.

## 3. يېڭى يىلدىكى يېڭى ئارزۇ

ھەر قېتىم شۇ پەسىل يىل ئالمىشىدۇ،
بىر ۋاراق كالىندار يىللارنىڭ چېكى.
ئادەمنىڭ ئۆمرى تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ،
ئالەمنىڭ ئۆمرىنىڭ بولماس ئۇچ - چېكى.

ئاق قارغا، قار ياپقان دالىغا قاراپ،
ھەر يىلى مۇشۇنداق خىيال سۈرىمەن:
ھەر يىلى بىر قېتىم ياغسىدى جىسمىم —
قار بولۇپ،
كۆكەرسە ئۇنىڭدىن چىمەن.

سۆيەتتىم ھەر يىلى ئانا تۇپراقنى
يەتمەيتى جۇدالىق ھەسرىتى ماڭا.

ئۆلسەم گەر قىلالماي بۇرچۇمنى ئادا
سۇ بولۇپ خىزمەتلەر قىلاتتىم ئاڭا.

## 4. قاردەك ئەگەر قايتا تۇغۇلسام

قار ئېرىپ بولۇپ پار ئۇچىدۇ كۆككە،
قار بولۇپ ياغىدۇ، قىلىدۇ دەۋر.
ئادەمنىڭ ئۆمرى بىر كېلىپ كېتىدۇ،
قايتىدىن ياشاشقا تېپىلماس تەدبىر.

ئەگەر مەن قار كەبى تۇغۇلسام قايتا،
گۇنادىن پاكلىنىپ، ساپ بولۇپ يەنە؛
ھەربىر رەت ياشاشتىن ئالغان ساۋاقنى
ئېسىمدە تۇتۇشنى قىلىپ ئەنئەنە.

ھەر قېتىم مىللەت دەپ، ئەل دەپ ياشايتىم،
بارىمنى قىلاتتىم ئۇنىڭغا ئېھسان.
ئاخىرى تۇپراقنى قۇچۇپ ياتقىنىم
بولاتتى مەن ئۇچۇن تەڭداشسىز ئىنئام.

## خاتىمە

يېڭى يىل بېغىشلار ھەر دىلغا بىر ھىس،

ياشاشقا مۇھەببەت ئۈيغىتار يەنە.
شائىرغا ئىلھاملار بەخش ئېتىدۇ،
يىل قوينى بىلسەڭ گەر خورىماس غەزنە.

يىللارنىڭ گەجگىسىن قاتلاشنى بىلسەڭ
ئالىسەن ئۈنىڭدىن گۆھەرنى يۈلۈپ.
مەيلى ئىش ھەركەت قىل، يە يۈر لاغايلاپ
ئوخشاشلا ئۆتەر يىل ئاققان سۇ بولۇپ.

يىل بېشى نەۋقىران ياشلىقتا مىسال
كېلىڭلار، يىللارنى قىلايلى ھاپاچ.
يىللارغا يۈك بولماي،
تۆكۈپ تەر،
يىلنى —
ئۈزىتىپ قويايلى تاقاپ ئالتۇن تاج.

1983 ـ يىل، 27 ـ دىكابىر، ئاتۇش، شورۇق.

# شەرقىي كۆلگە ساياھەت

ئەسلىتەر ئوكيان ـ دېڭىزنى شەرقىي كۆل زۇمرەت سۈيى،
دولقۇنىغا جۇر بولۇپ ياڭرايدۇ قەلبىمنىڭ كۈيى.

ئۈزسە قولۋاق چايقىلىپ، قەلبىممۇ شۇنداق چايقىلار،
تەلپۈنۈپ كۆرپەز— ئارالغا ئۇچقاي خىيالىم قۇرغۇيى.

چىقسا قولۋاقتا ئۈزۈپ ئاشۇ ئارالغا ھەر كىشى،
مەست قىلۇر قەشقەر قىزىنىڭ مۇشكى ـ ئىپاردەك خۇشبۇيى.

شوخ شاماللار ئوينىسا «تاللار گۈزەلدەك تولغىنار»،
ئاشۇ تال ـ گوستاڭدا بار شوخ جانانلارنىڭ خۇيى.

كۆل، ئارال، دەريا ئارا ياڭرايدۇ نەغمە شادىمان،
نەكى بۇلبۇل، كۇلكىگە تولغان تۇمەن دەريا بويى.

ئەي يىگىت، بۇ كۇلكىگە بولماي ئەسىر كەتتىم، دېمە،
كىم ئىشەنگەي، جۆيلىشىڭ بۇ، سەندىمۇ «كۇلكە» كويى.

زۇلپىقار، كەلسەڭ ئېزىز قەشقەر دىيارىغا ئەگەر،
شەرقىي كۆل سەيرىسى بولغاي نىشان — كۆڭلۈڭ ئويى.

1983 ـ يىل،23 ـ ئاۋغۇست، ئاتۇش، شورۇق.

# ئاتۇش ھەققىدە مۇسەللەس

گويا قورغان كەبى تاغلار سۆيەر كۆكتە بۇلۇتلارنى،
بۇ تاغلار ئۈچ - چېكى قۇچقان يىراقلاردا ئۇپۇقلارنى،
ئىگىز تام ئىچرە باغ يەڭلىغ تەسەۋۋۇر ئەيلە يۇرتلارنى.

بۇ يۇرت — ئەنجۈر ماكانى دەپ ئاتالغان ئۆز دىيار ئاتۇش،
ئۇلۇغ تارىخ ئارا نامى ۋەتەنگە ئىپتىخار، ئاتۇش،
بۇ يۇرتنىڭ ئىشقى پەيكانى ئاتار دىللارغا ئوقلارنى.

كۆرۈنمەس ئۈچ - چېكى ئەنجۈر بېغىنىڭ، بىر يېقى شورلۇق،
يېتەر تا تەختىھۈن، ئازغان، تېجەن، سۇنتاغقا ھېچ بوش يوق،
پۇرايدۇ يوللىرى ئەنجۈر غىدىقلاپ زەپ دىماقلارنى.

ئەجەپ شېرىن - سۇخەن ئەنجۈر «بېھىشنىڭ نىمىتى» دەرلەر،
بۇ نىمەت لەززىتى مېھنەت تېرىنىڭ ھىممىتى دەرلەر،
كى كەلگەن بۇندا بىر، ئۇنتۇپ كېتەلمەس خۇشپۇراقلارنى.

زامانلاردىن بۇ تۇپراققا بېرەرلەر تەڭگە تاغ زەم - زەم،
ۋە يا ئالغانمۇ شۇ سۇدىن ئاتۇش نىمەتلىرى قەن تەم؟
ئاشۇ زەم - زەم، ئاشۇ قەن تەم روشەن ئەتكەن سىياقلارنى.

غۇرۇرلۇق ئەرنى — مەرتلەرنى يېتىلدۈرگەن مۇشۇ تۇپراق،
شۇ مەرتلەر بولدى ئەل بەختى ئۈچۈن جەڭلەرگە تەق ھەرۋاق،
قىلىپ ئىشقىنى ئوت يالقۇن، چېقىشقان دام - توزاقلارنى.

مۇشۇ ئالتۇن دىيار تۇققان باھادىر شاھنى - سۇلتاننى،

ئۇلۇغ تەۋپىق كەبى شائىر، زۇلۇم كۈشەندىسى جانى،
رەپىقنى كۆلدۈرۈپ ئوغلان، ئەجەپ يىغلاتتى ياتلارنى.

ئەگەر مەرت ھەققىدە يازسا پۈتەر سۆزسىزكى مىڭ داستان،
سىخى يۇرت ھەققىدە يازسا قالۇر تاڭ يەر بىلەن ئاسمان،
ئۇنىڭ تەرىپلىرى پۈتمەس، سالار ئەسكە بۇلاقلارنى.

ۋەتەن گويا چىمەن بولسا چىمەنىنىڭ بىر گۈلى ئاتۇش،
نە گۈل، گۈللەر ئارا رەڭدار، ھۆسىندار سەرخىلى ئاتۇش،
گۈزەل باغرىغا چىللايدۇ، جەلپ قىپ ئۇ يىراقلارنى.

گۈزەللىك ئېلىنىڭ تاجى — قەدىم ئاتۇش، ئەزىم ئاتۇش،
سېنىڭ ھەققىڭدە شائىرلار يېزىشتى كۆپ نەزىم ئاتۇش،
يازار ھەم زۇلپىقار سۆيگۈ ئوتۇڭدا شئىر ـ قوشاقلارنى.

1983 ـ يىل،20 ـ ئىيۇل، ئاتۇش، شورۇق.

# ئۆلگە قىلاي ئىنىم سېنى

(پەرھاد تۇرسۇنغا)

ئانا سۈتى پۇرايدۇ سەندىن
پىئونېر ئىدىڭ تۈنۈگۈنلا سەن.
قايىل قىلدى يازمىشىڭ مېنى
كۆزەمدە ياش ئەگىدى بەزەن.

بىكار ئۆتمەس كۈنلىرىڭ سېنىڭ،
ھەتتا تۈندە كۆزۈڭ ئىلىنمەس.
بىلدىم قەلبىڭ ھارارىتىنى
غايىلىكسەن، ئەي ئاتەش نەپەس!

شۇ يېشىڭدا دۇرلار تىزىپسەن،
ئوقۇپ ئۇنى بولدۇم كۆپ ھەيران.
مەن شۇ ياشتا ئوينىغان بىغەم
سازلار كېزىپ، چېپىپ ھەر تامان.

سەن يازىسەن قانچىلاپ داستان،
تۈندە بولۇپ يۇلتۇزغا ئۈلپەت.
مەن ئۇخلايمەن غاپىل، مۇستەغرەق،
باسار مېنى ئالەمچە غەپلەت.

سېلىشتۇرۇپ ئۆزەمنى ساڭا
ئۆسمۈر ئىنىم، تارتتىم ئىزا.
ياشاپتىمەن سەندىن كۆپ،
لېكىن —

ئەلنى سەندەك قىلماستىن رىزا.

ياشىغىچە مېنىڭ يېشىمنى
بەرگىدەكسەن ئەلگە كۆپ مېۋە.
سېنىڭ هايات بېغىڭ هوسۇلدار
ئەۋلادلارغا باردۇر نەسىۋە.

ئېسىت، مېنىڭ ئۆمرۈم ئۆتتۈپتۇ،
تايىنى يوق قىلغان ئىشىمنىڭ.
ئاپپاق ئىكەن ئۆمۈر دەپتىرىم،
قۇرۇق ئىكەن ئىچى بېشىمنىڭ.

سۆيۈندۈردۈڭ چىن دىلدىن ئىنىم،
سەن ھەقىقىي ماھمۇد ئەۋلادى.
بولغىنىچۈن سەندەك ئوغۇللار
پەخىرلىنەر پۈشتى فارابى.

خىجالەتكە سالدى ئىشلىرىڭ
ئويغاتتىڭسەن مېنى غەپلەتتىن.
ئۈلگە قىلاي جاسارىتىڭنى
مەدەت ئالاي ئۈلۈغ خىسلەتتىن.

قامچا بولدى روھىڭ، ئەي ئىنىم،
چاپاي ئەمدى مەنزىلگە مەنمۇ.
ھەمدەم بولۇپ ماڭايلى بىللە
بوشاشماستىن تىرىشقىن سەنمۇ.

1983 ـ يىل،31 ـ ماي، ئاتۇش، شورۇق.

# ئۇستازىمغا

كۈن ساڭا باشلىنار سۈبھىدىن بۇرۇن،
نىسبى شەب بولغاندا بولۇر ساڭا كەچ.
ئۇيقۇ لەشكىرى كەلمەيدۇ بېسىپ
ئىرادەڭ ئالدىدا بوينىنى ئەككەچ.

مۇشۇنداق كۈنلەرنى كەچۈردىڭ باشتىن
تىزسا بۇ كۈنلەرنى بولىدۇ كارۋان.
ئەۋلادنى تەربىيىلەش بولدى نىشانىڭ
بەك يوغان مەنسەپنى قىلمىدىڭ ئارمان.

جەڭگىۋار يىللاردىن پۈتمەكتە ئەسىر،
سەن يەنە شۇ يوسۇن كۈن، ئايغا سىرداش.
قېرىلىق يەتتى ھەم ئاقاردى چېچىڭ
ۋە لېكىن ھەممىگە بېرىسەن بەرداش.

سېنىڭ شۇ دەسلەپكى شاگىرتلىرىڭدىن
قانچىسى يېتىشتى بولۇپ دوتسېنت.
قانچىسى ماگىستېر، قانچىسى دوكتۇر،
ئەجرىڭدىن ئابىدە پۈتتى گىگانت.

لېكىن سەن يەنىلا ئاددىي مەكتەپتە،
شۇ پېتىڭ تەر تۆكۈپ ياشاۋاتىسەن.
ياشلارنى ئۆگىتىپ، ئىلىم يولىدا
غايىگە — پەللىگە باشلاۋاتىسەن.

پەخىرلەن ئۇستازىم، زوقلانغىن كۆلۈپ،
ھەققىڭ بار شاگىرتلار قۇچقان شەرەپتە.
ھۆرمەتنىڭ تۆرىدە ئورنۇڭ بار ئەبەت،
روھىڭ بار بىز بىلەن بىللە ھەر سەپتە.

ئۇستازمۇ ئىنسانىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى،
چۈنكى ئۇ ياقىدۇ دىللارغا چىراق.
بۇ چىراق كۆز نۇرۇڭ — ئەقىل چىرىغى،
مۈشكۈللەر ئالدىدا چەككۈزمەس پىراق.

ئۇستازغا چەكسىزدۇر ھۆرمىتىم مېنىڭ،
ئەقىلنى، ئىدراكنى ماڭا شۇ بەرگەن.
بوز كەبى ئاق، سەبى، مەسۇم دىلىمغا
مەرىپەت گۈلىنى ئۇستازىم تەرگەن.

بىر ئۆمۈر ئاپىرىن شەۋكەتلىك ئۇستاز،
ئەجرىڭنى ئاقلىسام شۇ دۇر شادلىقىم.
رازى قىپ ۋەتەننى، ئۇستازىم سېنى
ئۆلسەممۇ دىلىمدا قالماس ئارمىنىم.
1983 ـ يىل،21 ـ ماي، ئاتۇش، شورۇق.

# چوپان قىز

جىرالارنى سالار لەرزگە ئىرىڭ ساداسى چوپان قىز،
دالاغا باغلىغان رىشتە، ئۈنىڭ شەيداسى چوپان قىز.

گويا تاغ سۈيىدەك شوخسەن، تېتىكسەن، قايتماس ئۇقسەن،
گۈزەللىكتە تېڭى يوقسەن، قىيا رەناسى چوپان قىز.

چېۋەرلىكتە قولۇڭ بىر گۈل، چەۋەندازلىقتا بىر دۈلدۈل،
غەزەلخانسەن گويا بۇلبۇل، ئىلىم ئاشناسى چوپان قىز.

بېقىپ مال تاغۇ، چۆل ـ دەشتتە، قاراپ مالغا يەنە كەچتە،
تىكەرسەن گۈل سۈپەت كەشتە، ھۈنەر تەشناسى چوپان قىز.

ئاھۇدەك كۆزلىرىڭ تىلنى، چېۋەر خىسلەتلىرىڭ دىلنى؛
مېنى شۇنچە ئەسىر قىلدى، كۆرەش سەۋداسى، چوپان قىز.
1982 ـ يىل،نۇيابىر، ئاتۇش، شورۇق.

# باھار

خۇشخەۋەر ئەپكەلدى قۇشلار سىيرىشىپ: كەلدى باھار،
يېڭى جەڭ ئىشقى بىلەن ياندى دىلىم بولغاچ خۇمار.

تۆپىلىكلەردىن چۇشەر ئېرىپ ئېقىپ ئەگىز سۇيى،
ئۆگزىلەر گىرۋىكىدىن ئۇنچە بولۇپ سۇلار تامار.

ئەتە - ئۆگۈن بۇ دىيارىم كىيگۇسى كىمخاپ يېشىل،
سايرىشىپ بۇلبۇلۇ - كاككۇك باغلار يېنىدا ئايلىنار.

ھە، مانا بۇنداق باھاردىن ئۆتتى يىگىرمە ئالتىسى
ئۆتتى ئۆمرۇمنىڭ باھارى، ئەمدى يازى باشلىنار.

پىشمىدى مېۋە تېخى ئۆمرۇم نىھالىدىن يارەن
شۇ ئۇچۇن ئەپسۇسلىنىپ ھەسرەت چېكەر دەم زۇلپىقار.
1983 - يىل،5 - فىۋرال، ئاتۇش، شورۇق.

# بالا ئىدىم...

(ئوغلۇم پامىرجاننىڭ تۇغۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ)

كىچىككىنە بۇدرۇق بىر جان تۆرەلدى،
دېمەك، ئەمدى دادا بولدۇم دېگەن گەپ.
ۋارس تاپتىم ئىجادىمغا، ئىشىمغا،
خوشاللىقىم ئاشتى شۇڭا ھەسسىلەپ.

لېكىن بىردىن ئويلاپ قالدىم بىر ئىشنى
خوشاللىقىقا خىجالەتمۇ قېتىلدى.
شۇ خىجالەت ئىلكىدە بار بىر تەشۋىش،
خىيالىمدا ئاشۇ بالام يېتىلدى؛

سوراپ قالدى مەندىن ئاشۇ سەبى جان:
«دادا، ئۆمرۈڭ ئۆتكەنمىدى بىھۇدە؟
كۆرمەيمەن يە ئىزلىرىڭنى ھاياتتىن،
يۈك بولۇپلا يۈگەنمىدىڭ زېمىندە؟»

بۇ سوئالدىن ھوشۇم تېپىپ كۆز سالسام
راستىن ھېچبىر ئىز قالماپتۇ ئۆمرۈمدىن.
خىجالەتتىن پۈتۈن تېنىم ئوت ئالدى
شۇ خىيالدا تۇرۇپ كەتتىم ئورنۇمدىن.

بالا ئىدىم تۈنۈگۈنلا شوخ كەپسىز
ئورمانلاردا كېپىنەكلەر قوغلىغان.
سوزماق بىلەن قۇشقاچ ئېتىپ، ئوۋ قىلىپ،
ئويۇن ئويناپ تا كەچكىچە ھارمىغان.

بىلىنمەيلا ياشاپتىمەن ئەسىرنىڭ —
يېرىمىنىڭ يېرىمىنى تېگىرقاپ.
لېكىن ئەقلىم بالىدەكلا تۇرۇپتۇ،
يىللار مېنى قېرىتىپتۇ ئالدىراپ.

بالىلىقىم ئۆتۈپتىكەن مەناسىز
شۇئار تووۋلاپ، «يولىيورۇق»لار يادلاپ.
مەن ئەقلىمنى تاپقۇچىلىك، ئۇچقۇر يىل —
ئەپ كېتىپتۇ بالىلىقنى ئوغۇرلاپ.

ئەمدى مانا دادا بولدۇم، لېكىن مەن —
بالا پېتىم قاپتىمەن، ھەي، ئەقىلدە.
ئەۋلادىمغا قانداق جاۋاپ بېرەرمەن
ئۆتكۈزگىنىم ئۇچۇن يىلنى بىھۇدە!؟

شۇ خىجالەت ئوتى مېنى ئۆرتىدى،
نومۇس ماڭا بەخش ئەتتى جاسارەت.
ئۆلپەت قىلدىم كىتاپ بىلەن قەلەمنى
شۇ يېشىمدا سەپكە كەلدىم نىھايەت.

1982 ـ يىل،8 ـ دىكابىر، ئاتۇش، شورۇق.

# كانسۇ ھەققىدە ناخشا

ئەي كانسۇ، بايلىق كانى، لەئىلى ماكان،
كۆرۈشكە كەلدىم يەنە تاغلىرىڭنى.
ئىلھامىم چىنىسىگە قۇياي شاراپ،
يار بىلەن سەيىر ئېتىپ باغلىرىڭنى.

باغرىڭ ئاچ، جېنىم ئانا، كەلدى ئوغلۇڭ،
ياقۇت تاش قۇچىقىڭدا يېتىپ ئالاي.
جامالىڭ ئاچقىن، نىگار، كەلدى يارىڭ،
ھۆسنۈڭنى كۆرۈپ ـ كۆرۈپ قېنىپ ئالاي.

ئىككىنچى يۇرتۇم ئىرۇر ئاشۇ كانسۇ،
سۈت بولغان كېپەك ئالتۇن چايقىغان سۇ.
كۆڭلۈمنىڭ ساڭا ئۆچمەس ھارارىتى،
ئۆركەشلەپ قىيالارغا چاچرىغان سۇ.

ھەر قېتىم قوينۇڭغا مەن كەلگىنىمدە
سېزىمەن سەندە گويا ئانا باغرى.
تاشلىرىڭ يارنىڭ ياقۇت لەۋلىرىدەك،
بايلىقىڭ خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارى.

تاغلىرىڭ مەدەنگە لىق، سۇلىرىڭ قەن،
ئەرزىيدۇ پەخىرلەنسە سەندىن، ۋەتەن.
ئەي كانسۇ، مېھرىڭنى كەڭ دېڭىز بىلىپ،
ئۈزدۈمەن خىيالىمنى قىلىپ يەلكەن.

1982 ـ يىل،4 ـ مارت،كانسۇ

# باھار زوقى

تاڭ سەھەرنىڭ سەلكىنى سۆيسە يۈزۈمنى پەپىلەپ،
چىرمىشار بويىنۇمغا گوستاڭ دىلرەبادەك ئەركىلەپ.

ياپ يېشىل تونلۇق دالا، گوستاڭنى ئويناتقان سابا
ئەسلىمە باشلاپ كېلەر قەلبىم ئۆيىنى پەتىلەپ.

گاھى ئوت ئالسا يۈرەك، ۋە گاھىدا ئوينار بۆلەك،
ھىسلىرىم ئۆركەشلىبان قىلغاي قەلەم ـ قەغەز تەلەپ.

قەلبىم پىكىرلەرگە تولۇپ، نورۇز ئۈچۈن نەزمە بولۇپ،
تىزىلار قەغەز بئتىگە مىسرا ۋە كۈبلىتتا سەپ.

تاللار گۈزەلىنىڭ ساچىدەك، پوتلا بېشىدا تاجىدەك،
دىلنى مەپتۇن ئەيلىشى نۇرلۇق جامالىدەك ئەجەپ.

پەيزى باھارنىڭ يامغۇرى، بارچە ئۆسۈملۈك غەمخورى،
تامسا چېچەكلەر بەرگىگە ئوخشار جانان ياشىغا زەپ.

# ئەل ھەققىدە

قويمۇ توپتىن ئايرىلىپ يۇرسە يىگانە بۆرى يەر،
كىمكى ئايرىلسا خەلقتىن قالمىغاي ئۇندىن ئەسەر.

سەن دەرەخ ۋە ياكى گۈل بولساڭ خەلق تۇپراق دۇرۇر،
ئۇ سېنى تۇققان ئانا ھەم پەپىلەپ باققان پەدەر.

ئەلنى دە ھەر بىر ئىشىڭدا، رازى قىل خەلقىڭنى سەن،
ئەل كئرەك تاپسا ئەگەر كويىقاپقىمۇ قىلغىن سەپەر.

گەر سېنىڭ كۆڭلۈڭ قئتىدا خەلقىڭگە بولسا سۆيگۈ ـ ئوت،
توختىتالماس سەپىرىڭنى يولدا ھېچ خئيىم ـ خەتەر.

گەر «خەلق قەلبى تۆرىدە جاي ئالاي» دەر بولسا كىم،
جان نىسار ئەتمەككە ئەلگە باغلىسۇن نىيەت ـ كەمەر.

ئەل دېگەي «ئوغلۇم» سېنى نىكۇن ئۇمىدىن ئاقلىساڭ،
كۆزلىبان ئەل بەختىنى جەڭدە ئېقىتساڭ قانۇ ـ تەر.

ئىش دېسە ئوڭدا يېتىپ، گەپنى يوغان قىلماق ئەيپ،
زۇلپىقار دەرلەر: ئىجادىڭدىن ئېلىڭگە مېۋە بەر!

1982 ـ يىل،11 ـ ئاپرىل، ئاتۇش، شورۇق.

# ئارزۇ

كۈز كۈنى،
ئالەمنى قاپلىغان مانان،
ئۆپۈقتا تاغ ـ ئىدىر كۆرىنەر خىرە.
سوغ شامال ئۇچۇرتۇپ شىلدىرلاپ غازاڭ
مۇڭ بەخش ئېتىدۇ بۇ خىل مەنزىرە.

دېرىزە تۈۋىدە باقىمەن ئۇزاق
خىيالچان كۆزۈمدە يىراق ـ يىراقتا.
بۇ سۇرلۇك جاھاننىڭ ئۆلۈك جىملىقى
غەرق قىلىپ تاشلايدۇ مېنى خىيالغا.

ئىھ! شۇڭقار بولسامىمەن كەزسەم سامانى،
ئىزلىسەم، دەردىمگە تاپسام داۋانى.
ئەقىلگە تولسامىمەن، مۇراد يولىدا —
قان كىئچىپ ياراتسام شادلىق ـ ناۋانى.

بىر ناىشا بولسامىمەن، ياڭراق ۋە مۇڭلۇق،
بىر شئىر بولسامىمەن مەنىسى تېرەن؛
بىر دەريا بولسامىمەن دولقۇنلىرى شوخ،
ياكى بى گۈلىستان، گۈزەل باغ ـ چىمەن.

قىسقىسى ياقسامىمەن ئەلنىڭ كۆڭلىگە،
جىسمىمدىن ئەيلىسەم خوشاللىق بەخش.
تاج دەيتىم ئۆزۈمنى سۇلتان بېشىدا،
ۋەتەننىڭ تېغىغا بولسامىمەن نەقش.

ۋە ياكى بولسامەن سئېھىرلىك قىلىچ،
ئالماسنى قايتۇرسا چىڭقىلىقتا بىسىم.
خەلقنىڭ رەقىبىن قويمىسام ئامان
رازىدىم شۇ جەڭدە كەتسىمۇ بېشىم.

1981 - يىل،15 - نۇيابىر، ئاتۇش، شورۇق.

# ۋەتەن ھەققىدە مۇسەللەس

مېھرى ئىللىق ئانىدەكتۇر بۇ ئەزىم تۇپراق ماڭا،
قىممىتى مېھرىگىيادەك ھەر گىيا ـ ياپراق ماڭا،
بىر ئۆمۈر پەرزىم ۋەتەن دەپ نەزمىلەر يازماق ماڭا.

سەندە كۆز ئاچتىم، شۇڭا خاس ساڭىلا قىممەت ھايات،
رازىمەن مىڭ رەت تۇغۇلسام سەن ئۈچۈن بولسام مامات،
دىلدىكى ئارمان: سېنىڭ شەنىڭگە شان قۇچماق ماڭا.

«ئانا يۇرت بولسا ئامان بولماس چىرايىڭمۇ سامان»،
جان تەسەددۇق ئەيلىگەيمەن تېچلىقىڭغا مەن ھامان،
دىلدا سەن بولغاچ، ئاسان تىرناقتا تاغ قازماق ماڭا.

سەن ئۈچۈن ئاينى ئۈزەي، گۆھەرنى ئوكياندىن سۈزەي،
زەررە مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن مەيلى جاھاننى مىڭ كېزەي،
ئىپتىخارىم: ئەل ئۈچۈن ئوتقا ئۆزۈم ئاتماق ماڭا.

قەرزدۇر ئىنسان ئۈچۈن ھەردەم ۋەتەن دەپ ياشىماق،
نى نومۇس ياۋ ئالدىدا قۇل بوپ كۆزىنى ياشلىماق،
سېنى دەپ قان كەچمىسەم لايىق شۇچاغ دوزاق ماڭا.

مەن ئەگەر ئۆلسەم، ۋەتەن، چىمدىم توپاڭغا ئايلىنىپ —
كۆچ بېرەرمەن، مايسىلار چىققۇسى جىسمىمدىن ئۈنۈپ،
چوڭ بەخت ئۆلگەندىمۇ باغرىڭ قۇچۇپ ياتماق ماڭا.

زۇلپىقار بەردى ساڭا ئانا ۋەتەن، شۇنداق قەسەم؛

تاشلىغاي ئەجداتلىرىنىڭ ئىزىدىن دادىل قەدەم،
ئەلنى سۆيمەي ياشىغاندىن ئۆلگىنىم خوپراق ماڭا.

1980 - يىل،يانۋار، ئاتۇش، شورۇق.

# سالام، كانسۇ

ئەسسالام، كانسۇنىڭ ئىدىر ـ تاغلىرى،
ئەسسالام، شۇڭقارلار ئۆستۈرگەن دىيار.
ئەسسالام، شوخ دەريا ھەيۋەت قىيالار
كەلدىمەن ھۆسنۈڭگە بولغاچقا خۇشتار.

تىك يارنىڭ لېۋىدە بېقىپ دەرياغا
تەپەككۇر كۆكىدە قاقىمەن قانات.
شاۋقۇنى دەريانىڭ ئەسلىتىپ ماڭا،
ئالدىمدا جانلاندى بالىلىق ھايات.

كۈمۈشرەڭ يىلاندەك ياتىدۇ دەريا،
ئۈچ ـ چېكى مانانغا پۈركىنىپ خىرە.
بالىلار دەريادا ئوينىشار چانا،
مۇز قاتقان سايلاردا قىزىق مەنزىرە.

يادىمدا بىر چاغدا مەنمۇ شۇ يەردە،
تەڭتۇشلار قاتارى چانا تېيىلغان.
قۇلاقچام مويىنى قىراۋ باسسىمۇ
ئويۇنغا قانمىغان، كۆڭلۈم ئېچىلغان.

كەلگەندە ۋادىغا تومۇز ئايلىرى،
چۆمۈلگەن شوخ دەريا ئېقىنلىرىدا.
تېرەتتۇق قۇمدىن بىز كېپەك ئالتۇننى
قاخلىنىپ قىرغاقنىڭ بېقىنلىرىدا.

گاھىدا بويلايتۇق دەريا ساھىلىن،
كېتەتتۇق يىراقتا كېپىنەك قوغلاپ.
توقايدا چاپاتتۇق چىۋىقنى ئات قىپ
چوپاننىڭ يېقىملىق نېيىنى ئاڭلاپ.

مۇرىدە «ئاپتومات»، قوللاردا «قىلىچ»،
جەڭگىۋار قوشۇندەك ئاشاتتۇق داۋان.
چاڭ كەلسە جىلغىلار ئاۋازىمىزدا،
قاچاتتى ھەرياققا كىيىك ۋە توشقان.

سەن ياقتىڭ دىلىمغا ئۈمىد چىرىغى،
كۆك سۆيگەن تۇرخۇنلار، شاۋقۇنلۇق زاۋۇت.
غايىگە يەتمەككە سەن بولدۇڭ مەيدان
ئەي كانىسۇ، ئىشقىڭدىن يېقىپ ماڭا ئوت.

مەن بۈگۈن ئۇلۇغ بىر دولقۇندا كاراپ،
ئۆزىمەن توختىماي نىشانەم تامان.
مەنزىلىم ئېلىمنىڭ پارلاق كەلگۈسى
شۇ يولدا ھەرقاچان تەسەددۇق بۇ جان.

1980 - يىل،فىۋرال، كانىسۇ.

# باھار ناخشىسى

كۈكۈلۈك باھار كەلدى،
رۇخسارى ئانار كەلدى،
نورۇزنىڭ قىيانىغا
دەريا ـ سايلار تار كەلدى.

باغلار گۈل ـ چېچەك ئاچتى،
زەپ خۇشبۇي پۇراق چاچتى،
بۇلبۇللار خوشال سايراپ
شۇ گۈللەرگە پەر كەلدى.

قىلغاچ زوق باھار ئىنئام،
دىللاردا پەۋەس ئىلھام،
يول ئالدۇق ئېتىزلارغا،
مېھنەتكە خۇمار كەلدى.

بېشىدا قىزىل رومال،
كەتمىنى قىلىپ ۋال ـ ۋال،
ئىش قايىنىغان ئېتىزغا
سۇمبۇل چاچلىق يار كەلدى.

يېتەكلەپ ئوغۇل ـ قىزنى،
تاڭ قالدۇرغان يۇلتۇزنى،
ئىشچان قىزنى سۆيمەككە
كۆڭلۈمگە قارار كەلدى.

1980 - يىل،فېۋرال، ئاتۇش، شورۇق

# ئانا

مېھرى يايلىقى بىپايان، سۆيگۈسى دەريا، ئانا،
خۇددى پەرۋاندەك بالىسى شامىغا شەيدا ئانا.

قەلبىڭىز ئىنسانى خىسلەتلەرگە باي غەزنە گويا،
سىز ھايات باغۋىنى، مايسا قىلىسىز ئەھيا، ئانا.

ھەممىدىن زور بەختىڭىز پەرزەندىڭىزنىڭ شادلىقى،
ئىزگۈ دىل، مېھرۇ ـ ۋاپا بابىدا سىز تەنھا ئانا.

«ئانا يەر»، «ئانا ۋەتەن»، «ئانا دىيار» دەپ ئېيتىلۇر،
ئەڭ ئۇلۇغ سۇپەت بولۇبان نامىڭىز تىلدا، ئانا.

«ئانا!» دەپ چىقتى تىلىم، شۇ سۆز بىلەن ئۆسەر دىلىم،
بەختۇ ـ ئىقبال شادلىقىمنىڭ تۈۋرۈكى بەرنا، ئانا.

ھەر قېتىم «ئانا» دېسەم يېڭى بىر مەزمۇن قۇچار،
زۇلپىقار داستان پۈتەر ئىلھام ئۇنى قۇچسا، ئانا.

1980 ـ يىل،فىۋرال،ئاتۇش. شورۇق

# قەشقەر ھەققەدە غەزەل

تاۋاپ قىلغىلى كەلدىم، قەشقىرىم، دىلدىن ھەۋا )ئەيلەپ،
سۆيۈشنى ئابى كەۋسەر دەپ، توپاڭنى تۈتىيا ئەيلەپ.

ساڭا بولغان مۇھەببەتتىن يازاي ناخشام بىلەن قامۇس،
تاڭاي باغرىمغا ھەرنەڭنى جاھاندا پۇرباھا ئەيلەپ.

خىيالىم كەپتىرى ئۇچتى ئۇزاق تارىخ يولى بويلاپ،
ئۇلۇغلار روھىغا كەلدىم تۇمەن تازىم بىجا ئەيلەپ.

ئۇلۇغ ماھمۇد، يۇسۇپلەر دەسسىگەن تۇپراقنى سۆيدۇمەن،
سېنى سۆيگەن يۈرەگىمنىڭ سېغىنچىغا شىپا ئەيلەپ.

ئېزىز قەشقەر، قەدىم قەشقەر، ئۇلۇغلار يۇرتى سەن قەشقەر،
سېنىڭ ھەر ياپرىقىڭ سۆيدۇم ئۇنى مېھرىگىيا ئەيلەپ.

كۆلەي باغچاڭدا مەن خەندان زىبا بوي غۇنچىلار بىرلە،
گويا بۇلبۇل كەبى گۈللەر ئارا خۇشخۇي ناۋا ئەيلەپ.

نى ئارمان، ئەردى ئاقسامەن قىزىل دەريادا بوپ قەترە،
سۆيۈپ ساھىلۇ ۋاداڭنى گىيالارغا داۋا ئەيلەپ.

نى ئارمان ئەردى رەستەڭنىڭ بويىدا بىر دەرەخ بولسام،
ھۆسۇن قوشسام ئۆز ھۆسنۈڭگە سېنى بىر گۈلسىما ئەيلەپ.

نى ئارمان زۇلپىقار بۇ يۇرت، بۇ يۇرت ئوغلانلىرى ئەرچۇن

تۇغۇلساڭ مىڭ قېتىم، جاننى بەخش ئەتسەڭ پىدا ئەيلەپ؟

1980 - يىل،16 - ئىيۇن، قەشقەر

# تەرۋە مېۋە

ئالار ھەركىم ئالتۇن داننى — ئۈنچە ـ گۆھەرنى،
تۆكسە ئەگەر تۇپراققا ئۇ ماڭلايدىن تەرنى.

ئاشمىغۇنچە تاغ ـ داۋاندىن، كەچمەستىن دېڭىز،
تاپماق مۇمكىن ئەمەس شىپا ئابى ـ كەۋسەرنى.

قانداق يېتەر جانانىنىڭ ۋەسلىگە ئاشىق،
كەچمەي تۇرۇپ ئېزىز جاندىن، يەگمەي خەتەرنى؟

ئاقمىغۇنچە دەريا ـ دەريا لالىرەڭ قانلار
كەلتۈرگىلى بولماس قولغا غەلىبە ـ زەپەرنى.

كەچمىگۈنچە تاتلىق ئۇيقۇ لەززەتلىرىدىن،
پۈتتۈرگىلى بولماس يارقىن ئۇلۇغ ئەسەرنى.

ئالالمايسەن بىر داننىمۇ چەكمەستىن جاپا،
تەرىڭ بىلەن توپغۇزماستىن ئېتىزنى ـ يەرنى.

چۈنكى خۇددى بوۋىلارنىڭ ئېيتقان سۆزىدەك:
«تويمىسا يەر، توپغۇزمايدۇ ئۇمۇ ھەم ئەرنى».

ئەي زۇلپىقار، تەييار راھەت ئەسىرى بولما،
غايە ئۈچۈن باشلىغىن سەن مۇشكۈل سەپەرنى.

1979 ـ يىل،27 ـ ئاۋغۇست،ئاتۇش. شورۇق

# سەپەر تەسىراتلىرى

پەرىشانلىق ئەسىر ئەيلىدى
كۆڭلۇم گويا تۇمانلىق ھاۋا.
قۇلىقىمغا ياقمايدۇ ھەرنە،
يە ياخشى سۆز، يە نەغمە ـ ناۋا.

كاراپ بولدۇم خىيال بەھرىدە،
گاھ چۆكىمەن، لەيلەيمەن گاھى.
كۆز ئالدىمدا خۇنۇك مەنزىرە،
قۇلىقىمدا ئاچىلارنىڭ ئاھى.

سەپىرىمدىن مەخسىدىم ئىدى
قەلىمىمگە تاپماق تەسىرات.
ماڭا ئاچچىق ئىلھاملار بەردى،
كۆزۈم كۆرگەن جاپالىق ھايات.

....

1980 ـ يىل،ماي،قاغىلىق ـ ئۇششارباش، قوچقاربېشى سايلىقى

# خۇشپۇراق

(تۇنجى قېتىم مەتبەئە يۈزىدە ئېلان قىلىنغان ئەسىرىم)

مەيىن شامال تۆكىدۇ پوتلا،
يېشىل توندا لىڭشىيدۇ گوستاڭ.
ئەجەپ پەيزى باھاردا باغدا
يارىڭ بىلەن بىر سەيلى قىلساڭ.

ئەشۇ خىيال ئىلكىدە يۈرسەم،
چىقىپ كەلدى گۈل يۈزلۈك نىگار.
پۈتۈن ھۆسنى گۈلدەك يېقىملىق،
چېچەك ـ گۈلنى قىسىپتۇ ھەم يار.

ئىككى رۇخسار تېگىپ ئۆز ئارا،
بىر ھارارەت سەزگەن مەھەلدە؛
دئدىم: گۈلدىن سېنىڭ پۇرىقىڭ
خۇشبۇي ئىكەن، يارىم، ئەمەلدە.

چاخچاق ئەمەس، جانان، سۆزلىرىم،
مانا پۇراپ تۇرار ھىدلىرىڭ.
مىھنىتىڭدىن گۈللىدى شۇ باغ،
گۈلنى خۇشبۇي قىلغاندۇر تېرىڭ.

1979 ـ يىل،ئاپرىل،ئاتۇش. شورۇق

(«ياشلار ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىل ماي سانىدا ئېلان قىنلغان)

# بېغىشلىما

(رومان ئۈچۈن)

دالا ۋە ئورماندا، تاغدا، چۆللەردە
كارۋاننىڭ چۈشكۈنى — ئۆتەڭلىرى بار.
ھارارەت، نۇر ئۈچۈن ياقىدۇ گۈلخان،
كارۋانلار شۇ يەردە تۈنەر، دەم ئالار.

كارۋانلار بۇ يەردىن كەتكەندە ئۇزاپ،
چۆللەرنى يورۇتۇپ قالىدۇ گۈلخان.
چىرىسلاپ ئۆچىدۇ يالقۇنى ئاستا،
قارىيىپ بىر گەۋدە بولىدۇ ئورمان.

چوغلارنىڭ يۈزىنى توسار كۈل — پەردە،
شۇ يوسۇن ئۆتىدۇ يەنە بىر «قەرنە».
(يا چوغ بار، چوغ ئۆچسە كۈلدە ئىسسىقى)
سالقىنلار يەلپۈسە پىلىلدار يەنە.

بۇ نۇرلار قوغلايدۇ زۇلمەتنى يىراق
(ئۇزىراپ كئتىدۇ كۆلەڭگىلەرمۇ)،
ئۇ نىشان بولىدۇ يەنە كارۋانغا،
ئوت ياقار ھەم كېلىپ كئيىنكىلەرمۇ.

شۇ چوغ ۋە شۇ نۇرلار بىر ئئزگۇ نىشان،
زۇلمەتنى يارغۇچى سۈبھىدەم گويا.
ئىنسانلار سۆيمىگەچ تۈن ۋە زۇلمەتنى،
دىللاردا شۇڭلاشقا ئۇلۇغدۇر زىيا.

1987 ـ يىل، ئاتۇش، شورۇق.

# بىر نومۇسسىزغا

نومۇستۇر ئىنسانغا تالىق پەزىلەت،
هايۋاندا بۇ تۇيغۇ بولمايدۇ زىنهار.
ئادەممۇ نومۇستىن ئايرىلسا ئەگەر،
هايۋاندىن پەرقسىز، بولغاي شەرمىسار!
****

ئەگەر نومۇسنى بىلمىسە كىشى،
ئۆزى تۆردە بولۇر، ئارى پەگاھتا.
ۋىجدانى ئەيىپكە بۇيرىماس هېچ چاغ،
ئۇ خوشال يۈرىدۇ ھەممە دەرگاھتا.

ئەگەر نومۇسنى بىلمىسە كىشى،
ئىت نەپسى بەزمىدە نىمەتكە داخىل،
ئادەملىك ئىززىتى ئاياقتا پايمال،
ۋە لېكىن قىلچىلىك بولمايدۇ خىجىل.

ئەگەر نومۇسنى بىلمىسە كىشى،
پۇل ئۈچۈن ساتىدۇ بالىسىنى ھەم.
ئىگىزگە يامىشار باشلارغا دەسسەپ،
ئاڭلىماس ئانىسىنىڭ نالىسىنى ھەم.

ئەگەر نومۇسنى بىلمىسە كىشى،
شەرەپ دەپ بىلىدۇ شەرمەندىلىكنى.
يولسىزلىق، بىشەملىك ئاڭا دەسمايە،
بىر ھوزۇر سانايدۇ كۈشەندىلىكنى.

سۈرىتى مۇبەددىل ئادەمدىن كۆرە
بىز دەيمىز: ئىت ياخشى، تەبىئىتى بار.
ئايرىشنى بىلىدۇ ياخشى - يامانىنى،
بىر لوقما كەيىندىن يۈرمەس ئىختىيار.

ھىجىيىپ تۈرغىنى كاسكىغا تىمسال،
(مىجەزدە كاسكا ئىت ياخشىدۇر چەندان)
يىرتقۇچىنىڭ چىشىغا ئالتۇن يالاتسا،
ئادەمگە بى رەھىم، قانخۇمار ھامان!

ساتارمەن ئۇ گويا، نومۇستۇر مىلى،
ئۇنىڭدىن باشقىنى ساتمايدۇ پەقەت.
نە ئەقىل، ... نە ئىنسان پەزىلىتى بار،
ھاياتنى قامداشقا ئۇندا شۇ «خىزمەت»!

*****

نومۇستۇر ئىنسانغا تالىق پەزىلەت،
ھايۋاندا بۇ تۇيغۇ بولمايدۇ زىنھار.
ئادەمـمۇ نومۇستىن ئايرىلسا ئەگەر،
ھايۋاندىن پەرقسىز، بولغاي شەرمىسار!

1987 - يىل، 3 - نۆيابىر كېچە،ئاتۇش، شورۇق.

# ئۇيغۇرغا

خىيال قىلسام كېلەر ئالدىمغا
يارا باسقان كېسەلمەن بالا.
ئۆيى ئۇنىڭ ھەممە دالىلار،
«مېنىڭ» دېسە ئۆيى يوق ئەمما.

كاپالەتكە ئىگە ئەمەستۇر
جان ۋە تېنى، ئىگىسىز ئىتتەك.
قانۇنلارمۇ قوغدىماس ئۇنى،
ئۆلىمىگە قوشۇلار تەپمەك.

1990 - يىل، ئاپرىل،ئاتۇش، شورۇق.

# دېڭىز ماڭا ئوخشاركەن ئەجەپ

دېڭىز ماڭا ئوخشاركەن ئەجەپ،
بەزەن دولقۇن ياساركەن مۇنار؛
كېمە بايقۇش يوپۇرماق كەبى
مۇئەللەقتە لەپەڭلەپ قالار.

«مۇنار» تۈۋى بولۇپ بىر ئويمان،
يۈتار ئىكەن بارلىقنى گويا،
بەزەن تىنچىپ سۈزىلەر ئۇپۇق،
تاماشاغا بوپ «بەلەن سەينا».
«تېنچ» تۇرغان چاغلىرىدىمۇ
لەرزان لەپىشىپ تۇراركەن ئەمما.

1990 - يىل، 23 - نويابىر(جۈمە)، جۇخەي - ئاۋمىن ئارىلىقىدا

# دېڭىز ئانام باغرىدەك كەڭرى

ھەممە سىغار دېڭىز باغرىغا،
چۈنكى ئۇنىڭ چېكى يوقتەكلا.
مەينەتچىلىك بۇلغاپ تۇرىدۇ،
سىغمىغاندەك بولدۇم مەن ئەمما!

ھەر خىل بايراق قاداپ كېمىلەر
ئۇياق - بۇياق ئۆتۈپ تۇرىدۇ.
مەشۇقىدەك ئاراللار ئۇنىڭ
غۇۋاغىنە، كۈتۈپ تۇرىدۇ.

دېڭىز ئانام قوينىدەك كەڭرى،
ھەممە سىغار ئۇنىڭ قوينىغا.
دوست ۋە دۈشمەن ئىلغىماس بىراق،
لەپەڭلەيدۇ، ھەممە ناغرىغا.

1990 - يىل، 23 - نويابىر، شېنجېن - جۇخەي ئارىسى

# چايكىلارغا قاراپ قالىمەن

نېمىشكىدۇر تويمايدۇ كۆزۈم،
ھەممىگىلا قارايمەن ئۇزاق.
ئاسمان بىلەن سۆيۈشەر ئۇپۇق،
ئۇ يېقىدا كۆرۈنمەس قىرغاق.

شىرەدىكى بولكىدەك بولۇپ
كۆرىنىدۇ ئاراللار بەزەن.
نەدىن ئۇندى؟ لەيلەگىلىكمۇ ئۇ؟
يىلتىزلىرى قانچىلىك تېرەن؟

پاراخودنىڭ ئارقا يېقىدا
قالار بىر يول كۈمۈشرەڭ، ئۇزاق.
ئاق بۇژغۇنلار يۈتىدۇ ئاستا،
كۆنىكەر ئۇ بارىغا شۇنداق.

پاراخودنىڭ چايقىشى بىلەن
ھاسىل بولغان ئاشۇ دولقۇندا؛
قوساق ئۈچۈن قىلىدۇ كۆرەش،
بىر توپ چايكا چۆكۈپ ئۆپقۇندا.

نەلەردىمۇ تۈنەركىن ئۇلار؟
پۇت قويغىدەك زېمىن بولمىسا.
سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرەرمۇ؟
دەمسىز شۇنداق ئۆتەمدىكىن يا؟

ئاقۇش تۇمان لېچىكى ئارتقان
ئارالىلارغا ئۇچۇپ كېتەرمۇ؟
ئارالدىغۇ تەشۋىش يوق، بىراق
شاۋقۇنلارغا كۆنۈككەچكە ئۇ،
جىمجىتلىقتا چەكمەسمۇ پىراق؟!

1990 - يىل 23 - نۇيابىر، جۇخەي - شېنجېن ئارىلىقىدا

# دۇنيا

قاتمۇقات ساختىدىن پۈتكەن دۇنيا بۇ،
راستچىللىق، پاكلىقنى كۆتۈرمەس زىنھار.
بويسۇنۇپ ياشىساڭ كۆكلەيسەن، لېكىن—
خىلاپلىق قىلساڭلا بولدۇڭ ئەيپكار.

ياغلىما گەپلەرنى بىلىپ تۇرسىمۇ
دوستلۇرۇڭ سەندىنمۇ كۈتىدۇ شۇنى.
ئاتاڭمۇ ئاغرىنار، كۈلۈپ تۇرسىمۇ،
گەر يالغان قوشمىساڭ ئامالداپ ئۇنى.

كۆنۈكتى ھەممىسى ساختىغا شۇنداق،
ھۆكۈمران بولدى ئۇ قانۇنىيەتتەك.
كىمىكى بويىماي چىقسا بۇنداق رەڭ،
دوست ـ يارسىز قالىدۇ، ئىگىسىز ئىتتەك.

1991 ـ يىل، 1 ـ ماي

# قايتا تۇغۇلسام...

ھايات قانداق گۈزەل ھەم قىزىق!؟
باغرىم قانماس شۇنى ئويلىسام.
كۆرگىنىمدىن كۆرمىگىنىم كۆپ،
شۇڭا دەيمەن قايتا تۇغۇلسام.

ئۆتتى قانداق مېنىڭ ھاياتىم؟
شۈكرىنىمەن شۇنى ئويلىسام.
پۇشايمانلىق ئىشلىرىم تولا،
شۇڭا دەيمەن قايتا تۇغۇلسام.

تويمايدىغۇ ھاياتقا ئىنسان؟
ئەجەپ ئەتمەڭ شۇنى ئويلىسام.
تولا كۈلدۈم، خوش بولغىنىم ئاز،
شۇڭا دەيمەن قايتا تۇغۇلسام.

كۈلۈپ ئۆتسەم بىر ئۆمۈر ئاندىن
رازى ئىدىم، ئۆلەتتىم كۈلۈپ.
يىغا بىلەن ئۆتسە بىر ئۆمۈر،
ئۆلمەمدىمەن يۈرەك ئۆرتىنىپ.

كۈلەي دېسەم كۈلكە كەلمەيدۇ،
سەۋەپ يوقتۇر چۈنكى كۈلگىدەك.
ئەتراپىمدا ماتەم كۈيلىرى
ھەممە ئارمان بىلەن ئۆلگۈدەك.

# ئۇ...

يارىدار شىرنى كۆردۈم قەپەزدە،
كۆندۈرگۈچىلەر ئۇرۇپتۇ ئۇنى.
ئۇ ئۆزىمۇ تېنىمسىز ئىكەن،
شۈكرى قىلماي رىسقىغا
كۈن - تۈنى —
تۇمشۇق تىقىپ ئاراچىلاردىن
ۋە تىنماي ئۆزىنى ئۇرۇپ،
گاھى غىڭشىپ، گاھى ھۆكىرەپ،
ئۆرىۋەتمەكچى بولىدۇ تېخى!
توۋا، ئۇنىڭ نېمە قىلغىنىكىن؟
بۇ باغچىدىن، «ئەتىۋارلاشتىن»
ياخشىراقمىكىن دالىيۇ - تېغى؟!

1991 - يىل،9 - نۇيابىر.

# خىيال ئارىسىدا

خىيال بەك بەلەن،
ئەمما رېئاللىق...
*
خىيالىمدا بەك ئاسانلا باي بولىمەن،
يەر شارى تۈگەل مېنىڭ بولىدۇ.
ئالقىنىمدا چۆگىلىتىپ ئۇنى،
توختۇتۇپمۇ قويىمەن تېخى.
پەرۋاز قىلالايمەن ئاسمان قەرىگە،
ئالەم ھاكى قورقۇتالمايدۇ،
خالىغان يۇلتۇزدا قىلىمەن سەيلى.
بىراق تۇرمۇشتا
بەكمۇ بولۇمسىز،
يارامسىزلىقىم ئۆرتەيدۇ مېنى.
ئۆزۈم ناتاۋان.
ئەگەر رېئاللىق
بولسا ئىدى خىيالدەك، دەقىق،
بوۋامنىڭ،
دادامنىڭ،
يەنە ئۆزەمنىڭ
نامىنى ئۆچمەس قىپ پۈتۈپ قوياتتىم
خىيالدەك چەكسىز
ئاسمان سەتھىگە!
ھەي رېئاللىق!!

1991 ـ يىل، 12 ـ نۇيابىر، كورلا

# ئىھ ھايات

جىم – جىت كېچە،
دۇنيا ئۇيقىدا
ئىنسان ئۇيقىدا،
خىيالىم بىلەن مۇڭدىشىپ مەنلا بىدارمەن.
پەگاسىمدا تۇرىشىدۇ ئوڭ ـ تەتۈر بولۇپ
بىر مۇنچە ئاياقلار
كىچىك ۋە ئۇماق.
بوغۇچى ئۆزۈلگەن بەزىلىرىنىڭ
تۇمۇشقى تېشىلگەن
شۇنچە سۆيۈملۈك.
سەبىلىك پارلايدۇ ئۇندىن بەك ئېنىق
شوخلۇقمۇ جۇلالاپ تۇرىدۇ يەنە،
بۇ رەزىل ئالەمنى سەبى سۈيىدە
يۇماقچى بولغاندەك؛
شوخلۇق نۇرىدا زۇلۇمات تۈننى
يورۇتماق بولغاندەك تۆيۈلار تېخى!
تۆيۈلۈپ كېتىدۇ شۇ چاغدا ماڭا
دۇنيا سۆيۈملۈك،
ھايات يېقىملىق.

# مەن ئۆلسەم

يىغلىماڭلار، ئەگەر مەن ئۆلسەم،
«ئازات بوپتۇ، ئازاپتىن» دەڭلار،
يىغلىساڭلار تەتۈرلۈك بولار،
نەغمە قىلىپ تەبرىك ئېتىڭلار،
بەلكى، دوزاقتا كىرەرمەن تاڭلا،
هايات بولسامму دوزاقتا ئىدى،
پانىيدىكى دوزاقتىن كۆرە
باقىدىكى ياخشىدۇر بەلكىم.
مانا شۇ تاپتا هارۋىدىكى ئاتتەك مىسالى،
ھەممە يېقىم چۈشەلگەن تامام
ئالغا ماڭسام بۇغا – جاۋىنى،
ئارتقا يانسام قوشقۇن تۇسار
كۆككە ئۇچۇپ كېتەي دېسەم گەر
بەلۋاغ باسار بىلىمدىن ھەيھات!
يەرگە كىرىپ كەتمەكمۇ مۇشكۈل
تۆشباغ توسۇپ ئالىدۇ ھەمسات.
بۇ ھاياتتىن قېنى ئېيتىڭلار
ئۆلگەن خوپراق بولماسمۇ دوستلار؟
****
ئەجەب جەسۇر يىگىت ئىدىممەن،
تەپەككۇرۇم قىلاتتى پەرۋاز،
زېھنىم ئوچۇق، ئەقلىم جۇش ئۇرۇپ
يۈرىكىمگە قۇرغان ئىمتىياز.
كەلگۈسىدە ئەلگە يارامىلىق،

تارىخلاردا يادلانغۇدەك ھەم،
ئەۋلاتلارغا بىر پارلاق ئۈلگە،
تىلغا ئالسا نامى مۆھتىرەم...
بىر ئادەم بوپ چىقىمەن! دېگەن
ئارزۇ ھەمدە غەيرەت بارىدى،
بۇ ئارزۇنى راست قىلىشقا ھەم
يەتكۈدەكلا جۈرئەت بارىدى.
مەنلا ئەمەس، بىلگەنلەر مېنى
چوقۇم شۇنداق بولىدۇ دەيتى،
ئەل ئىشەنچى يۈكلەنگەن ماڭا
قامچا بولغان، ئالغا ھەيدەيتتى...
بىراق،
رەقىپ زۇلمىدىن ئەمەس،
ياكى زىندان – تۈرمىدىن ئەمەس،
دوست بولۇشقا تېگىشلىكلەردىن
جاپا كۆردۈم، بولدۇم مەس – ئەلەس.
ياكى كۆرمىدىم تۈرمۈش لەززىتى
قەدىر تاپماي كىشى مېھنىتى
ئاخىر مانا بولدۇمەن گاراڭ!
غايىلەردىن سۆز ئاچماق قىيىن،
ئائىلەمنىڭ ئۆزىلا زىندان!
بىر چىرايلىق ئېتىم بار؛ ساراڭ!

مانا شۇنداق ياشاشتىن كۆرە،
خوپ ئەمەسمۇ ئۆلگىنىم ئەلۋەت؟!
يىغا لازىم ئەمەستۇر بۇڭا
خوش بولۇڭلار دېگىنىم شۇڭا

3- ئۆكتەبىر

# قەۋرە تېشىغا

بۇ كىشى ئازاپتىن ئۆلگەن،
(ئازاپ دېگىنى — زەردىگۆشلۈك شۇ)
يۈرىكىگە غايە كۆمۈلگەن،
ئۇنى چېقىپ ئۆلتۈرگەن دوستى،
ئۆلمەي قۇتۇلمايتى ئازاپلاردىن ئۇ
شۇڭلاشقىمۇ ئۆلۈشتىن كۈلگەن!

3ــ ئۆكتەبىر

# مېنىڭ دوزىقىم

(رەپىقەمگە)

دوزاقتىغۇ كۆيىسەن تامام!
ئەمما بۇندا
كۆيىسەن،
كۆيىسەن،
كۆيىسەن...
بولماس ۋەسسالام!

1992 ـ 11 ـ 24

# دۇنيا

دۇنيا – پاھىشە،
ھەربىر خوتۇنباز،-
تىرىشىدۇ، تىپىرلايدۇ
بارلىق ئىمكانىيىتى بىلەن
ھۇزۇرلىنىشقا

ئادەملەر
دۇنيا ئاجايىپ:
تىغ بولىدۇ ئۈنىڭدا ئۆتكۈر:
گۈلمۇ بولار شۇنچە خۇشپۇراق،
گۈلنى قىسار گۈلدەك نوزۇكلار،
بەدۋىلەردەك قوپاللارمۇ ھەم.
تىغ ئاسقانلارمۇ قىسىدۇ گۈلنى.
گۈل ياشايدۇ بىر نەچچە ئايلا،
ئەمما تىغنىڭ پەسلى يوق بىراق.
چەۋەندازنى سورايدۇ قوياش:
سۆيەمسەن تىغنى؟ ۋە ياكى گۈلنى؟
گۈلنىمۇ؟ تىغنىمۇ؟
سەن نېمانداق ئاخماق؟!

*1991- يىل 16_ ئۆكتەبىر*

# ماۋزۇسىز

ئۇچۇپ كەتكۈم كېلەر يىراققا،
زەپ سېغىنىدىم قوزىلىرىمنى.
كەتمىكىمگە يوللاردا ئەنگەل،
يوقاتمىسام دۈشمەنلىرىمنى.
كۆڭلۈم ئىستەر كەڭ دېڭىزلاردا
غۇلاچ تاشلاپ ئۈزمەكنى ئەركىن،
تىت - تىتلىقتىن بوغۇلمەن خوپ،
قۇتۇلماققا ئامال يوق لېكىن!

1997 - يىل، فېۋرال، ئىستانبۇل.

# سىغىنىچ

چىچەك ئاچتى باغلار ھوۋپىدە،
ئۆتتى شۇنداق ئىككىنچى باھار.
يۇرت ھىجرانى، ئانا...ھىجرانى
ھېچ رەھىمسىز يۈرەكنى تىلغار.

ئاق چىچەككە، ئاپپاق چىچەككە —
تىكىلگەنچە سۈرىمەن خىيال،
ۋاراقلانسا كەچمىش دەپتىرىم،
يىغا قىينار قىلىپ مېنى لال.

چىچەك تۆككەن سالقىن شاماللار
ئېلىپ كېلەر يۇرتۇم ئىسىنى.
يۇرت باھارى تۇيار دىماغىم
ھەم بالىلىرىمنىڭ ئوماق ھىدىنى.

ئاق چىچەكتىن قىسقان قىزچىقىم،
تالچىۋىقنى مىنگەن ئومىقىم.
"بۇت - بۇت" چېلىپ يۈرىشەمدىكىن
"قاپباش[1]"، "قارا"م[2] ھەمدە "خۇمىقىم[3]"؟
1998 - يىل، 10 - ئاپرىل، تاشكەنت.

---

[1] قاپباش — ئەلخۇشتار
[2] قارا — ئەلسۆيەر
[3] خۇماق — ئەلخۇمار

# ھەسرەت

يېشىللىقنىڭ ئاشىقى ئىدىم،
تۇغدى ئانام مېنى چۆللەرگە.
مەيلى چۆلگە بەرسەم ئىشقىمنى،
تەققاس قىلىپ چۆلنى كۆللەرگە.

ئەرك ئىزدەپ تەلپۈنگەن قەلبىم
تۇغۇلدۇممەن ــــ ئېلىم قۇللۇقتا!
قۇللۇق ئىچرە ئۆستۇم، شۇم تەقدىر ــــ
ئارزۇلارنى بوغدى يوقلۇقتا.

سۆيەي دېسەم چۆللىرىممۇ يوق،
خىيالدىكى كۆللىرىممۇ يوق.
سەرسان بولۇپ يۇردۇم ۋەتەنسىز
ئەرك نېمە؟ سۆزلىرىممۇ يوق.

ئولتۇرغىنىم يېشىل بىر زېمىن
بىراق ماڭا يات پەقەت بۇ ئەل.
چۈپىشىدۇ بالىلار خوشال،
ئەركى بولغاچ توققۇزىمۇ تەل.

يۇرىكىمنى تىلغار يېشىللىق،
يىغا قىستار چېچەككە باقسام.
بالىلارنىڭ قىقاسلىرىدىن
ھەسرەتلىك تۇس ئالىدۇ ناخشام.

چۈنكى مېنىڭ كۆپتۈر غېمىم، كۆپ،
ھېچنېمەم يوق غېرىپ بىچارە.
بالىلىرىم يوق، قېرىندىشىم ھەم،
ۋەتەنسىزمەن بۇندا بىگانە.

پەقەت ماڭا غەمخار بىر ئاللاھ
يىغا ھەمرا ھەسرەتلىرىمگە.
زىكرى تەسبىھ ئېيتىمەن تىنماي،
خەير تىلەپ ھەمدەرتلىرىمگە)

1998 - يىل، 13 - ئاپرىل، تاشكەنت

# كەچكۈزدە يىغا

ھەممە كېتەر ئۆيلىرى تامان
كەچ كىرسە، قۇش، چەررەندىلەرمۇ،
ھەممىنىڭ بار ئۆيى ـــ ماكانى،...
مېنىڭ ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەرمۇ؟
كەچكۈز كەپتۇ،
شاھىت بۇڭا تۆكۈلگەن ياپراق.
قىش كېلىدۇ، ھەممىنى ئۇچەككە قوغلاپ.
جىم ـ جىت تالا، سۈكۈتتە دالا،
مەن قالىمەن تىۋىشسىز يىغلاپ؛
بەخت قوغلاپ، ۋەتەننى ئويلاپ،
كەزگەنلىرىم،...
كەچمىشلىرىم ئۆتەر ئالدىمدىن ـــ
ھەم ئۇنۇمسىز، ھەمدە لەززەتسىز
(بوۋىلار سۆزىدەك):
"يا كىشىنى خوش قىلالماي
ياكى ئۆزىنى"!
يا راست قىلالماي قىلغان سۆزىنى!
ئۆمرۈمگە ئېسىت!
بالىلىرىم نەدە؟
مېنى قانداق چۈشىنەر؟
ئۇلارنىڭ ئوماق پۇراقلىرىغا
سەبى، پاك قۇچاقلىرىغا
تېگىشەتتىم پۈتۈن دۇنيانى!

1998 ـ يىل، 9 ـ نويابىر(؟)، تاشكەنت

# ماۋزۇسىز

تىزىلدى ھەجرانىدىن مىسرالار شۇئان،
بىر ئاھاڭ يارالدى ھەجرانىدىن مۇڭلۇق.
ھەجرانىدىن ئىگرىدى لىۋىمدە بىر ئۈن،
بىر ناخشا ئېيتىلدى شۇنچە قايغۇلۇق.

# غايە

مېنى كۈتىۋاتقاندەك بولىدۇ ھەرئان،
ئۆزەمگىمۇ نائېنىق، شەكىلسىز شادلىق.
خۇددى بىر مەھبۇستەك زىندانلاردىكى،
كۈتىۋاتقاندەك ئۇنى ئازادلىق.

ھەر كۈن كەچ ئالدىرار كۆڭلۈم تاڭلارغا،
ۋە تاڭدا تەلپۈنەر «چۈش بولسا پاتراق»...
چۈش ئۆتسە شادلىقىم چىقار ئەۋجىگە،
ۋە قايتار ئارقىغا، كېتەر يىراقلاپ!

تىلەيمەن بۇ چاغدا ماڭمىسا سائەت،
جىسىمسىز ۋاقتمۇ قالسا، دەپ، قىئتىپ.
ئارقىدىن ئىنتىزار بولىمەن تاڭغا،
نېمىنىدۇر كۈتىمەن شۇنداق زارىقىپ.

1987 - يىل، 20 - ماي،ئاتۇش، شورۇق.

# مۇسىبەت

بىر ماتەم — بىر يىغا قىستايدۇ مېنى،
قەدىمىي ئىزلىرىم ئېسىمگە چۈشۈپ.
ئويلىسام ئەمدى ھېچ كۆرەلمىشىمنى
كۆز يېشىم قاتىدۇ، خىيالىم ئۈشۈپ!

قىزىلتاغ، مەن كەزگەن قانچە رەت سېنى،
سۈيى بال — كەۋسەردەك كانىسۇ دەرياسى.
ياشلىقنىڭ بىخلىرى ئويغانغان سەندە،
پارلىغان ۋە ئەقلىم نۇرى— زىياسى.

«باغچا» دەپ ئاتالغان بىر بوستانلىقنى
گىرىمسەن تەسەۋۋۇر قىلىمەن بەزەن.
شۇ باغچا، شۇ دەريا باغرىدا كەزسەم،
شۇ كونا ئۈلپەتلەر، يارەنلەر بىلەن.

مەيلىدى، شۇ پۇرسەت، شۇ قەرنە ئۈچۈن
ئۆمرۈمنىڭ قالغىنى كەتسىمۇ تورزۇپ.
چاخچاقتەك يېنىكلا جۇدا بوپتىمەن،
ئويغانغىم كېلىدۇ بۇ «چۈش»نى بۇزۇپ!

كانىسۇنىڭ يوللىرى، تاغ ۋە سۇلىرى،...
كەڭشىۋە، ئويتەسكەن، قىزىلئوي، ... ھەممە،
شۇ قەدەر سۆيۈملۈك، شۇ قەدەر لېۋەن،
خىيالدىن ئۆتىدۇ، بىر ئىستەك، تەلۋە!

ئاتۇشچۇ؟ ئۇ قەدىم ياغما ماكانى؟
بوزتاغنىڭ باغرىمۇ نىگار قوينىدەك!
بىلمىدۇق بارىدا ئانا قەدرىنى،
مەرەيمىز توختاۋسىز يېتىم قوزىدەك!

قايتماس بەڭۋاشلىق — بالىلىق، ياشلىق،
قايتماس، تاغ كەزگەن، سۇ كەچكەن چاغلار!
قايتىدىن كەزمەككە بولسىمۇ مۆمكىن،
مۆمكىنسىز جەم بولماق ئۇ دەمكى دوستلار.

قىيغىتسا بالا بوپ بىر مەرتە يەنە،
يۈز ياشتا گەر نىسىپ ئانا قۇچىقى.
بىر كەررە قايتىسىدى بەڭۋاشلىقىغا —
بىر تەكرار ئېتىلسە كەچمىش ۋارىقى!

30\09\2000 ئىستانبۇل.

# غېرىپلىق

بەزەن يالغۇز ئولتۇرۇپ
ھەيران بولىمەن ئۆزۈمگە،
نېمىشكە تۇغۇلدۇم؟ دەپ سوراپ قالىمەن؛
ھاياتىمنىڭمۇ تۈزى يوق ئىكەن،
چاغلىق نېمىكەن ياشىماقمۇ ھەم!
نېمىگە كېرىكمەن — مېنىڭ — مەسىلەن؟
پۇشايمانمۇ بۇ؟ بۇ سوئال يامان
مەڭدىتىپ قويىدۇ ئادەمنى خېلى،
توغرا، پۇشايمانمۇ بۇ، ۋايساشلىرىم؟
تۇغۇلۇشۇمدىن نەدۇر تەئەججۇپ؟
بەلكىم پۇشايماندۇر!؟
لېكىن نېمىگە؟
خاتا قىلغانمىدىم يا؟
بىر ـ بىر «رويخەت»تىن ئۆتىدۇ ھايات،
پۇشايمانغا سەۋەپقۇ تولا،
بۈگۈنكى غېرىپلىقىقا سەۋەپ ئەمەس ئۇ —
ئەمەس ئۇ بەڭۋاش خاتالار، ئەمما!
بۈگۈنكى بۇ غېرىپلىقىقا، يىتىملىكىمگە
سەۋەپ نېمىدۇر، قانداق مۇئەمما؟
توغرىدىن تۇغۇلار شۇنداق غېرىپلىق،
ھەق سۆز زىنداندا سۆرەر كىشىنى.
بۇمىش ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى،
دۇنيانىڭ مەنتىقى شۇنداق غەلىتى.
شۇنداق تەتۈرلۈكتىن تۇغار يىتىملىك،
غېرىپ قىلار كىشىنى چىنلىق!

شۇلارنى چۈشەنمەي بەزەن —
سورايمەن ھەيران:
نېمىشكە دۇنياغا كەلمىشتىمكىن؟— دەپ.
شۇلارنى چۈشىنىپ بەزەن
يەنە سورىغىم كېلىدۇ، ھەيران:
نېمىشكە تۇغۇلدۇم؟ ياشايمەن نى چۈن؟
مېنىڭ بولۇشۇمنىڭ نېمە كېرىكى؟
بولمىشىمنىڭ زىيىنى ھەم نە؟
دۇنيا ئۈچۈن زۆرۈرمىشمۇ بۇ؟
مەندەكلەرنىڭ تىرىك ـ ئۆلىكى؟
چۈشەنگەندەك بولغىنىمدىمۇ
مۇرەككەپلىشىپ بارىدۇ سوئال،
غۇۋالاشسا پىكىرلەر بەزەن
كۆڭۈلدىن يەنە شۇ ئوي ئۆتىدۇ غىل ـ پال.

16/12/2001 ئىستانبۇل، روزا ھئيت كۈنى

# سىلەر يوق

(ئاتا ـ ئانامغا)

سىلەر يوق،
شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەنىسى يوق بۇ دۇنيانىڭ!
نېمىشكە يەنە ياشاۋاتىمەن؟
بەلگىسىز،
ھاياتنىڭ تاتقىدىن ئەمەس،
ئۆلمەكنىڭ تەسلىكىدىن.
نە يېنىمدا مۇڭدىشىم،
نە بالىلارنىڭ قىقاس ـ سۈرەنى؛
يېتىملىكنىڭ بۇ قەدەر مۇكەممەللىكى
كۆرۈلگەنمىدى؟ يا بۇنىسى جىنىس رىكوردى؟
بۇرۇنلاردىمۇ قاخشاپ تۇراتتىم،
شۇڭلاشقىمۇ «يالغانچى بالا»دەك ——
قالار بىلىنمەي، قايسىسىنىڭ بەكرەك راستلىقى.
نېمىلا بولمىسۇن ئۇ زامانلاردا
يېنىمدا بولمىغان بىلەن، دۇنيادا ياشار ئىدىڭلار.
سىلەر نەپەس ئالغان ئاتموسفىرادىن نەپەس ئالغاچقا
تەسەللى ئىدى شۇنىسى ماڭا،
كۆڭلۈم توق ئىدى، يىراپ ئېسىڭلار.
ئەمدى سىلەر يوق،
ئۇزاتىمىش ئارت ـ ئارت.
ئۇ دۇنيادا بىر بىرىمىزنى يالغۇز قويمايلى دېگەندەك
كېتىپسىلەر قوغلاشماق كەبى.
ئەجەپ مېنى يالغۇز قويۇشقا چىداپسىلەر،
چۈشىنەلمىدىم.

بەلكىم دېگەنسىلەر:
«بىركۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرسۈن».
كۆرىۋاتىمەن، مانا، سېرىقى تۇگۇل قارىسىنىمۇ.
سىلەرسىز بۇنىڭ نېمە مەنىسى؟ نېمە قىزىقى؟
بەلكىم بالىلارغا تارتىشىپ ياشار، دېگەنمىدىڭلار؟
ئۇلارمۇ يوق، بىلمەيمەن كۆرەلەمدىم يوق.
ياكى بىر ئۆمۈر دۈمبەمنى كۆرەلمىگەندەك
ئۆتەمدىمەن مۇشۇنداق، بارلىقىنى ھىس قىلىپ پەقەت؟!
قانداق قىسمەت ئىدىكىن، ھەم قانداق مىجەز،
بالىلارغىمۇ ئۆزەمنى سۆيدۈرەلمىدىم.
بەلكىم ئۇلارنىڭ قەلبىدىمۇ ئورنۇم يوق دېگۈدەكلا.
مېنىڭ ياشىشىم ئۇلارنى مەمنۇن قىلمىغان كەبى،
ئۆلۈمۈممۇ ئۇلارنى ئازاپلىمايدۇ.
گەرچە دېيىلسىمۇ «يېقىنلىرىم ئازاپلانمىسۇن»،
كىم ئىستەر يېقىنلار قەلبىدە، خاتىرىسىدە
تەسىرسىز، يەرسىز چەتتە قالماقنى؟
يوقلۇقۇڭدىن كىملەرنىڭ ئازاپ چېكىشى —
بۇ سېنىڭ ئۇلار قەلبىدىكى قىممىتىڭنىڭ ۋەزنى ئەمەسمۇ؟
بۇ نۇقتىدىن كىم ئىستىمەس،
ئۆزى ئۇچۇن بىر مۇنچىلارنىڭ ياش تۆكۈشىنى؟
قەلبى ئېچىشىپ، ئازاپ چېكىشىنى؟
شۇ ئازاپ سۆيگۈنىڭ ئىپادىسى ئەمەسمۇ، قېنى
راست سۆزىمىزنى ئېيتايلى ھەممە.
ئانام ھەمىشە دەر ئىدى:
«‹ئانام› دەپ ئارقامدىن يىغلاپ قېلىڭلار».
بۇ ھەق گەپ، ئەمەلدە سۆيگۈ تاماسى.
كىم سۆيگۈ تاماسىدا بولمىدىم دېسە،
بۇ گەپتە سەممىيەت يوق دېمەك كېرەك.
بىزغۇ «ئانام» دەپ ياش تۆكۈپ قالدۇق،

بىلمەيمەن، مېنىڭ ئۇزاق كۆرمىگەن
سۆيگۈ مېھرىمىزمۇ چىڭ ئۆتۈشمىگەن
بالىلىرىم ئەسلەمدۇ مېنى؟
«دادام» دەپ ئارقامدا قالامدۇ يىغلاپ؟
مۇكەممەل غېرىپلىق، مۇكەممەل ئازاپ!
بۇندىنمۇ تەلتۆكۈس بولمىسىكەن دەپ
تىلەيمەن پەقەتلا ئاللاھقا يىغلاپ.

12 ماي 2002 كانادا، تورونتو.

# تورونتو ئارىلىنى زىيارەت

زىيارەت قىلدۇق ئارالنى بىللە،
دوستۇم مايك ھەمرالىقىدا.
بۇندا كۆردۇم گۈزەللىك تولۇق:
سۇنىڭ شاۋقۇنى، قەھىرلىك دولقۇن؛
گۈل ـ چېچەكنىڭ تۈرىمۇ مىڭ خىل،
ھەممە يەرنى ياپقان ياپ ـ يېشىل گېلەم.
ئېغىناقشىماق ئىستىكى تۇغار
ھاياجاندا مەۋج ئۇرغان دىلدىن.
باللارنىڭ قىقاسلىرىمۇ،
جەم ئائىلە توپلىرىمۇ ھەم،
ھەممە سىلەرنى ئەسلىتەر ماڭا،
بىزمۇ جەم بولساق ئىدۇق،
بىللە كەزسەك شۇ گۈزەللىكنى
كۆكۈسلىشىپ دولقۇنلار بىلەن،
سىلەر شوخلۇق قىلساڭلار بەزەن؛
قولۋاق بىلەن كېتىپ ئۇزاققا
يوپۇرماقتەك لەپەڭلەپ بەلەن؛
ئەنسىرەشتىن ۋارقىراپ بۇندا، كايىپ سىلەرگە
ۋاقىرارمىدىم، يەنە شۇ ۋارقىرىغاقلىقىم...
ئەمدى دوستۇم دېدىكى ماڭا
تېلېۋىزىيە مۇنارى كېلەركى نىشان.
دۇنيانىڭ ئەڭ ئېگىز مۇنارىمىش بۇ،
بەشيۈز مېتىردىن ئارتۇقمىش بويى،
ئۈچيۈز مېتىر يۈكسەكتە بار بىر رېستۇران.
ئۇ يەردىن قارىسا كۆرىنەر ئىمىش

جەنۇپ تەرەپتە نيۇ يورك غۇۋا.
بۇنچە كۆپ يەرلەرنى يالغۇز كۆرمەككە
تەرەپدار ئەمەستىم، ئەمما نېسىپ شۇ.
ھەممىنى ئورتاقلاشساقدى، بىللە كۈلۈشسەك...
بىراق، قالمىشمەن داۋام غېرىپ شۇ...

27/8/2002تورونتو\كانادا